
2025 ئىيۇل
ئومۇمىي 71-سان

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*



ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى
The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

2025 ئىيۇل
ئومۇمىي 71 -سان

# ئۇيغۇرلار

## ئايلىق ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتىنى قەدىمدە دۇنيا مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئۇچراشقان مەدەنىيەتلەر مەركىزىدۇر. ھالبۇكى، بۇ يەردىكى ئاساسىي ئېقىم مەدەنىيىتى يەنىلا ئەزەلدىن شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتىدۇر.



باش مۇھەررىر: ئۇيغۇر كۆكئارت
مۇھەررىرلەر: ھېكمەتيار ئىبراھىم
ئازادئاي غەيرەت

**چىقارغۇچى ئورۇن :**
ئۇيغۇر پروجېكت فوندى (UPF)
www.uyghursfoundation.org

ژۇرنالنىڭ نەشر ھوقۇقى:
ئۇيغۇر پروجېكت فوندىغا تەۋە.
**مەنبەسى ھەققىدە ئىزاھات بېرىلگەن قىسمەن ئەسەرلەردىن باشقا بارلىق ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى بۇ ژۇرنالغا مەنسۇپ.**

6 009800 461091 >

ئىستراتېگىيە

THE GREAT COURSES®

Topic
Professional

Subtopic
Thinking Skills

# Strategic Thinking Skills

Professor Stanley K. Ridgley
Drexel University

# ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر ماھارەتلىرى



پروفېسسور ستەنلى رىدگلېي



# سىستېمىلىق مەسىلىدىن سىستېمىلىق ھەل قىلىشقىچە

21-لېكسىيە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

خىزمەت جەريانىدا ياكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا دائىم پەيدا بولىدىغان مەسىلىلەر بۈيۈك ئېتىمالىدا سىستېمىلىق مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئىستراتېگىيىلىك تەپەككۇر پېتىر دىرۇكېر (Peter Drucker) ئوتتۇرغا قويغان «داۋاملىشىۋاتقان كىرزىس» (recurring crisis) دەپ ئاتىلىدىغان ئەھۋالنىڭ ئالامەتلىرىنى پەرق ئېتىشىمىزنى، مەسىلىنى ھەل قىلىشىمىزنى ۋە مەسىلىنىڭ تېگىدە ياتقان سىستېمىلىق سوئالغا جاۋاب تېپىشىمىزنى روياپقا چىقىرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە سىستېمىلىق مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ئاڭ سىستېمىمىزنى قۇرۇپ چىقالايمىز.

## سىستېمىلار ۋە سىستېمىلىق مەسىلىلەر

پرېزىدېنت ئېزونخاۋېرنىڭ (Eisenhower) دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جون فوستېر دۇلىس (John Foster Dulles) بىرگە سىستېمىلىق مەسىلە ۋاباسىنىڭ قىسقىچە ئېنىقلىمىسى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۆلچىمى — بىر تەرەپ قىلىش قىيىن بولغان بىر مەسىلىڭىزنىڭ بار يوقلۇقى ئەمەس، سىز دۇچ كەلگەن قىيىن مەسىلىنىڭ سىز ئۆتكەن يىلى دۇچ كەلگەن مەسىلىڭىزنىڭ شۇ ياكى ئەمەسلىكىدە.»

«سىستېما» ئۇقۇمى ناھايىتى ئېلاستىكلىقتا ئىگە ئۇقۇم بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بىزنىڭ مەسىلىلىرىمىز ئۈچۈن «سىستېما» ئۇقۇمىنىڭ ئەڭ ياخشى ئېنىقلىمىسى شۇكى، سىستېما — بىر توپ

كىشىلەر، جەريانلار ۋە ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن گەۋدە ھاسىل قىلىدىغان نەرسىلەر توپلىمىدىن ئىبارەت. سىستېمىلار قۇرۇلمىغا، ئۆزىگە خاس يۈرۈشۈشچانلىققا ۋە ئۆز ئارا تايىنىش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، كۆپىنچىسى ئۈنۈم يارىتىدۇ ياكى نەتىجە ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

سىستېمىلار بىر بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، فۇنكسىيىگە ئىگە بولالاش ئۈچۈن بىر بىرىگە بېقىنىدۇ. ئەخلەتلەرنى يىغىۋېلىش سىستېمىسى، يېمەكلىكلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش سىستېمىسى، ئاممىۋىي قاتناش سىستېمىسى، ماشىنىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يېقىلغۇلار سىستېمىسى، ئېلېكتېر تورى سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش-قوراشتۇرۇش لىنىيىسى، قانۇن سىستېمىسى، تېلفۇنلارنىڭ سىستېمىسى، سۇنى قايتا تازىلاش سىستېمىسى قاتارلىق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا قولايلىق كەلتۈرىدىغان سىستېملارنى ئويلاپ كۆرۈڭ.


بىزنىڭ دۇنيارىمىزدىكى بارچە ئىش سىستېما ئىچىدە ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. سىستېمىنىڭ بىر پارچىسىدىكى بىر ھەرىكەت سىستېمىنىڭ ھەممە قىسمىغا يېيىلىدۇ (تەسىر كۆرسىتىدۇ.) بىز — ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز رەۋىشتە — سىستېما قۇرىمىز. مەۋجۇت سىستېمىلاردىن پايدىلىنىمىز. سىستېمىلارنى بىر بىرىگە باغلايمىز ۋە كۆپىنچە ئەھۋالدا سىستېملارنى كۆرمەي، ھېس قىلماي تۇرۇپ ئىلشتىمىز.

ئەمەلىيەتتە بىز دائىملا سىستېمىنىڭ ئۆزىنى كۆرمەيمىز، ئەمما بىزنىڭ پەقەتلا سىستېمىدىن كۈتىدىغانلىرىمىز بولىدۇ. بىز ئاپتوبۇسنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كېلىشىنى كۈتىمىز. جۈمەكنى ھەر ئاچقىنىمىزدا جۈمەكتىن سۇنىڭ ئېقىپ چۈشۈشىنى كۈتىمىز. بۇ خىل كۈتۈشلەر كۆپىنچە ئەھۋالدا ئىجابىي ۋە ياخشى كۈتۈشلەر ھېسابلىنىدۇ. بىراق سىستېمىلىرىمىز توغرىسىدا ئويلىنىش، ئەڭ مۇھىم سىستېمىلىرىمىز ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇش، ئۇلارنىڭ بىزگە قانداق زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزۈش ئۆزىمىز ئۈچۈن پايدىلىق.

## سىستېمىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسملىرى

جون ۋاردىن (John A. Warden III) سابىق ئامېرىكا گېنىراللىرىدىن بىرى. شۇنداقلا ئۇ ئامېرىكا ئارمىيە ساھەسىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيە مۇتەپەككۇرلىرى ھېسابلىنىدۇ. جون ۋاردىن بىزگە بارچە سىستېملارنىڭ ئاساسىي ئوخشاشلىقىنى قوبۇل قىلىدىغان بىر سىستېما ئۇسۇلىنى سۇنىدۇ.

ۋاردىنىنىڭ نەزىرىدە ھەر قانداق سىستېما بەش مۇھىم قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇ بۇ بەش تەركىبىي قىسىمنى ئوخشاش ئۇچىرىشىش نۇقتىسىغا ئىگە چەمبەرلەر سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ئوخشاش ئۇچىرىشىش نۇقتىسىغا ئىگە چەمبەرلەرنىڭ مەركەزدىن سىرتىغا قاراپ تىزىلىش شەكلى مۇنداق بولىدۇ. (1) لېدىر؛ (2) سىستېمىنىڭ يۈرۈشۈشى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ئوزۇقلۇق ياكى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان ئۆزگىرىش جەريانى؛ (3) ئۇل مۇئەسسەسە؛ مەسىلەن، قان تومۇرلىرى، يوللار ياكى ئۆتۈشۈش لىنىيىلىرى قاتارلىقلار مۇشۇ ئۇل مۇئەسسەسە جۈملىسىدىن؛ (4) بارچە نوپۇس؛ (5) سىستېما ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىشچى، خىزمەتچىلەر. مەسىلەن، ئىممۇنىت كۈچى بولسۇن، ياكى ساقچى خادىمى بولسۇن، سىستېما ئۈچۈن كېرەكلىك ھەر قانداق ئېلېمېنت ياكى كىشىلەر مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن.



21.1 ـ رەسىم: ۋاردېڭنىڭ نەزىرىدىكى مۇھىم تەركىبىي قىسىملار تۈرلۈك سىستېمىلاردا مەۋجۇت. بۇ سىستېمىلار بەلكىم جانلىق بىر بەدەن، ياكى سانائەتلەشكەن بىر دۆلەت، ھەتتا زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىك گورۇھى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ خىل ئۇسۇل ئۇچۇرلارنى ناھايىتى مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا تۈرگە ئايرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. بۇ سىستېمىنىڭ مەقستى نېمە؟ سىستېمىدىن كۈتۈلىدىغان نەتىجە نېمە؟ بۇ سىستېما بىزنى كۈتۈلگەن نەتىجە بىلەن تەمىنلىيەلەمدۇ؟

**دىلو تەتقىقاتى: IBM**

سىستېمىلىق مەسىلىلەر ھەتتا ئۆز ساھەسىنىڭ ئەڭ ئالدىدا مېڭىۋاتقان چوڭ شىركەتلەرگىمۇ تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. IBM شىركىتىگە ئائىت مەسىلە بۇ جەھەتتە بىرگە مىسال بولالايدۇ.

1999ـ يىلى IBM شىركىتىنىڭ دىرېكتورى لو گېرستنېر (Lou Gerstner) بىر قىيىن مەسىلىگە دۇچ كەلدى. شىركەت كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەمما شىركەتنىڭ چوڭىيىشى ئاستا بولۇۋاتاتتى. قارىماققا سودا پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدىغاندەك تۇراتتى. 1993ـ يىلىدىن 1999ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا شىركەتلىرى ئارىسىدا ئەڭ كۆپ پاتېنتقا ئىگە بولغان IBM دەك بىر شىركەتنىڭ بۇنداق شانلىق دەۋردە سودا پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويۇش مۇمكىنچىلىكى ھەقىقەتەن غەلىتە بىر ئىش. بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، IBM شىركىتى ئۆز پاتېنتلىرىنى يېڭى سودىلار ئۈچۈن ئىشلەتمىدى.

گېرستنېر شىركەتتە خاتا تەرەپكە يول ئېلىپ مېڭىش مەسىلىسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەرەز قىلىپ، مەسىلىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىر گۇرۇپپا تەشكىللىدى. تەكشۈرۈش نەتىجىسى كۆڭۈلنى غەش قىلاتتى. شىركەتنىڭ قىسقا مۇددەتلىك پايدىلارغا بەكلا بېرىلىپ كېتىشى شىركەتنىڭ يىراقتا نەزەر سالالماسلىقىغا، يىراقنى كۆرەلمەسلىكتەك ئىستراتېگىيىلىك ئاجىزلىقتا يول ئاچقان ئىدى. دېرىكتورلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققان چوڭىيىش پۇرسەتلىرىنى تېپىپ چىقىشى تەشۋىق قىلىنمىغان ئىدى.

تېخىمۇ چاتاق يېرى، شىركەتنىڭ ئالىي مۇدىرىيىتى قول ئاستىدىكىلەردىن «رېئاللىقنى ئاساس قىلغان ئانالىز ۋە تەپسىلىي مالىيە تەخمىنلىرى» تەلەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە نىسبەتەن بىر قورقۇنچ ۋەزىيىتى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئەڭ يۇرىكى تۇم

دىرېكتورلاردىن باشقا ھەممەيلەن يېڭى بىر سودا پۇرسىتىگە مەبلەغ سېلىشنىڭ ئارقىسىدىكى خەتەردىن قاچىدىغان ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى.

ئالىي مۇدىرىيەت يېڭى تۈرلەرگە مەبلەغ سېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى. بىراق بۇ قارارنى ئىجرا قىلىدىغان سېستىما ئۈمىد قىلىنغان نىشاننى روياپقا چىقىرىشتىن ئاجىز ئىدى. شىركەتنىڭ مەۋجۇت سېتىمىسى باشقا بىر نەرسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەنى مۇقىملىقنى ۋە سەزگۈرلۈكنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن لاھىيىلەنگەن ئىدى.

ئەگەر بىر دىرېكتور يېڭى بىر سودا تۈرىنى باشلىسا، بۇ يېڭى تۈردىن — IBM شىركىتىنىڭ ئىلگىرىكى قىسقا مۇددەتتە مىليونلاپ دوللار پايدا ئېلىش ئىستراتېگىيىسى سەۋەبلىك — تېز سۈرئەتتە پايدا كەلتۈرۈشى كۈتۈلەتتى. يېڭى سودا تۈرى پروگراممىلىرى زور مىقداردىكى پايدىنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقى ھەققىدە قەتئىي ۋەدە بېرىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ خىل نىشانغا ھەرگىز يەتكىلى بولمايدىغانلىقى ئۈچۈن، سېلىنىدىغان مەبلەغ تېزلا زور دەرىجىدە ئازايتىلىۋېتىلەتتى.

گېرستىنىر مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشى ئۈچۈن سېستىمىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئاقىۋەتتە، IBM شىركىتى بەش يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ «كۆزگە كۆرۈنەرلىك سودا پۇرسەتلىرى» ناملىق بىر باشقۇرۇش پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سېستىمىغا ئاساسلانغان دەسلەپكى بەش يىلدا IBM شىركىتى 22 خىل يېڭى سودا تۈرىنى باشلىدى.

IBM شىركىتى دۇچ كەلگەن مەسىلە بىزگە مۇنداق ساۋاق بېرىدۇ:

بىر سېتىمىلىق مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن سىز چوقۇم ئۇنىڭ يىلتىزىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىڭىز لازىم. مەسىلىنىڭ سېستىمىلىق خاراكتېرىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەر قانداق ھەل قىلىش چارىسى خاتا چارە بولۇشتىن قۇتۇلالمايدۇ.

### ئۆرنەك ۋەقە تەھلىلى: Best Buy

جېف سېۋېرتىس (Jeff Severts) «Best Buy» شىركىتىنىڭ ئېلانچىلىقتا مەسئۇل مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ئىدى. ئۇ ئۆز ئېتىبارىنىڭ شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي تەخمىنىگە قارىتا ئۆلچەنگەن،

شىركەتنىڭ ئايلىق سېتىش ئېپادىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر سېتىمىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتى. شىركەتنىڭ ئىقتىسادىي تەخمىنى بەزىدە توغرا چىقاتتى، بەزىدە توغرا چىقمايتتى. سېۋېرتس كېلىپ چىققان نەتىجىلەرنى تەخمىن قىلغىلى بولمايدىغان، ئۆزگىرىشچان نەتىجىلەر دەپ قارايتتى.

سېۋېرتس شىركەتنىڭ تەخمىن قىلىش سېستىمىسىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈرۈپ چىقىپ، تەخمىنلەرنىڭ دېگەندەك ياخشى مەسىلىكىنى بايقىدى. تېخىمۇ چوڭقۇر ئانالىز قىلىش نەتىجىسىدە، «Best Buy» شىركىتىنىڭ تەخمىنلىرىنىڭ خامچوت پىلانلاش، ئىقتىدار ئۆلچەش، باھا بەلگىلەش ۋە سېتىۋېلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بەك كۆپ ئاچقۇچلۇق باشقۇرۇش سېستىمىسى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقتى.

ۋېسپىرتس ئىقتىسادىي ماقالە ـ ئەسەرلەرنى يېزىش بىلەن تونۇلغان جېيمس سىرووۋېكىدىن (James Surowiecki) ئۆگەنگەن بىر پىكىرنى سىناق قىلدى. ئۆزگەرگۈچى مىقدارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدىغان ۋەقەلەرنى ئالدىن پەرەز قىلىشقا كەلسەك، نامەلۇم ئۇچۇرلاشقان كۆپ خىل كىشىلەر توپى ھەمىشە بىر قانچە «مۇتەخەسسىس» لەرگە قارىغاندا ئەۋزەللىككە ئىگە. سېۋېرتس «Best Buy» شىركىتىنىڭ بىر تۈركۈم خىزمەتچىلىرىنىڭ شىركەتنىڭ ئىچكى تەخمىنلىرىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغان سېستىمىلاشقان بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشلارغا قارشى ئىكەنلىكىنى كۆردى.

سېۋىرتس دەسلەپتە 190 خىزمەتچىنىڭ تەخمىنلىرىنى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ تەخمىنلىرىنىڭ خاتالىقىنىڭ 0.5 پىرسەنتتىنمۇ تۆۋەن ئىكەنلىكىنى بايقىدى. كېيىن تېخىمۇ كۆپ خىزمەتچىلەردىن بۇ تەخمىننى تەلەپ قىلغىنىدا، تەخمىن نەتىجىسىنىڭ توغرىلىق نىسبىتى 99.9 پىرسەنت بولۇپ چىقتى.

بۇ قېتىملىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن، سىرۋېتس «سېستىملىق مەسىلە»گە — يامان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەخمىن مېتودى، دەپ ئېنىقلىما بەرگەن. سىرۋېتس، سىستېما ئىچىدىكى رىغبەتلەندۈرۈشنىڭ مۆلچەرنىڭ ئەمەلىي سېتىش ئېپادىسى بىلەن مۇناسىۋەتى يوق تەرەپلەردە ئەگرى ـ توقاي بولىدىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى بايقىدى.

**ھىندىستان مىسالى**

ھىندىستاندىكى مىساللار، تەسەۋۋۇر كۈچى ۋە سودا قابىلىيىتى سېستىمىلىق مەسىلىلەردە پەقەت بىر شىركەتنى پايدىغا ئېرىشتۈش بىلەنلا قالماي، ئۇنىڭدىن سىرت يۈز مىڭلارچە كىشىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان ۋە ھايات سەۋىيەسىنى ياخشىلايدىغان شەكىلدە قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.

ھىندىستانىنىڭ كىچىك بىر يېزىسى بولغان سۇجالادىكى بايراجۇ ۋەقپىسى كېسەللىكلەرنى كونترول قىلىشنى نىشانلىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ جەھەتتە دوختۇرلارغا ياكى دورىلارغا مۇراجىئەت قىلىش يولىنى ئەمەس، پاكىز بولمىغان ئىچمە سۈيىنى پاكىز ئىچمە سۈيىگە ئالماشتۇرۇش يولىنى تۇتقان. مەزكۇر ۋەقىف بايراجۇ يېزىسى ئۈچۈن ئاددىي ۋە تەسىرچانلىقتا ئىگە سۇ تازىلاش سېستىمىسى قۇرغان. نەتىجىدە يېزىلىقلار ئارىسىدىكى كېسەللىكلەر ئازايغان.

«Hindustan Unilever» شىركىتى دۇنيادىكى ئىككىنچى چوڭ ئۆي ئەسلىھەلىرى شىركىتىنىڭ تارماق شىركىتى بولۇپ، بۇ شىركەت سوپۇن بىلەن تۈزدىن پايدىلىنىپ بازار ئۆلۈشى بەرپا قىلىپ، ئۆز يۇرتىدىكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ھەمدەم بولغان.

«Unilever» شىركىتىنىڭ ئەرزان باھالىق سوپۇنىنى بازارغا سېلىش قارارى يېزا ئاھالىلىرىگە مىكروبلارنىڭ تارقىلىشىنى ئازايتىش ئۈچۈن قول يۇيۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىش پائالىيىتىنى روياپقا چىقارغان.

«Unilever» شىركىتى يەنە كۆپچىلىك ھىندىچە تاماقلاردىكى يود كەمچىللىكىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تۈز مىقدارىنى ئاشۇرۇشتا قوللىنىلىدىغان تېخىمۇ ياخشى بولغان بىر يود تۈرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

### سېستىمىلىق مەسىلىلەرنىڭ مەنبەلىرى

ھىندىستان ئۆرنىكىمىزدە كۆرۈلگىنىدەك، سېستىمىلىق مەسىلە سالامەتلىككە تەسىر كۆرسەتتى. «Best Buy» ئۆرنىكىدە سېستىمىلىق مەسىلە ئۇچۇرغا ئالاقىدار ئىدى. IBM ئۆرنىكىدە بولسا سېستىمىلىق مەسىلە رىغبەتلەندۈرۈش ئىدى. سېستىمىلىق مەسىلىدىكى يەنە بىر مەنبە كەيپىيات ئىدى.

بىر سىستېمىلىق مەسىلىنى تاپالىغان ياكى تاپالمىغانلىقىڭىزنى بەلگىلەش ئۈچۈن قوللىنىدىغان ئەڭ ياخشى سىناق شەكلى، ئۆزىڭىزدىن ئەڭ ئاز بەش قېتىم «نېمىشقا؟» دەپ سوراشتۇر. بۇ شەكىلدىكى بىر قاتار سوئال ھەقىقىي رەۋىشتە سىستېمىلىق بىر سەۋەبكە يېتىپ بارغانغا قەدەر داۋام قىلىشقا سىزنى زورلايدۇ. مەسىلىنى ئېنىقلىۋالغىنىڭىزدىن كېيىنكى ۋەزىپىڭىز مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى مەسىلىدىن قېچىش ئۈچۈن ئىجادىي ئۇسۇللارنى ئىزدەشتۇر.

**بىلىشكە تېگىشلىك ئىسىملار**

جون ۋاردېن (Warden, John A., III) [1943 ـ ] تالاش ـ تارتىشقا مايىل، تاقەتسىز ۋە زىددىيەتلىك خاراكتېرگە ئىگە ۋاردېن 20ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئامېرىكانىڭ ھاۋا كۈچىگە ئالاقىدار پىكىرلىرىدە غۇلغۇلا ياراتقان قالتىس ئىستراتېگىيىلىك مۇتەپەككۇر ۋە نىشان بەلگىلىگۈچىدۇر.

**تەۋسىيە قىلىنىدىغان كىتابلار**

بىرلتون، «سودا جەريانىنى باشقۇرۇش» (Business Process Management)

ھېمىل ۋە بىرىن، «باشقۇرۇشنىڭ كەلگۈسى» (The Future of Management)

**ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار**

1. سىستېمىلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چىقىشتىن ئىلگىرىلا سىستېمىلىق مەسىلىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھاياتىمىزدىكى سىستېمىلارغا باھا بېرىش ۋە ئۆزىمىز كۆزلىگەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن كەلتۈرەلمىگەنلىكىنى سوراش پايدىلىق بولىدۇ. ئاچقۇچىڭىزنى ئىلىش ئۈچۈن ئىشىك يېنىدا مىخ ياكى ئىلمەك دېگەندەك ئەڭ ياخشى نەتىجە بېرىدىغان سىستېمىلىرىڭىز بارمۇ يوق؟

2. ھاياتلىقىڭىزنى داۋام قىلىش ئۈچۈن ئۆزىڭىز باغلانغان سىستىمىلارنى يېزىپ چىقىڭ.

3. شىركىتىڭىزدە تەكرارلىنىدىغان بىرەر كىرزىس بارمۇ يوق؟ ئەگەر بار بولسا، بۇ كىرزىسنىڭ ئەسلىدە يېڭى بىر سىستېما قوللىنىش ئارقىلىق يوق قىلغىلى بولىدىغان مەسىلە ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا ئويلىنىڭ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى



# ئامېرىكا — خىتاي مۇناسىۋىتى: ئۈستۈنلۈك ئىزدەش

كاۋاشىما شىن

# ئامېرىكا — خىتاي مۇناسىۋىتى: ئۇستۇنلۇك ئىزدەش

كاۋاشىما شىن

(توكيو ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسسورى، خىتاي دىپلوماتىيە تارىخى تەتقىقاتچىسى)

بايدېن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن قۇرغان مۇناسىۋىتى رىقابەت مۇناسىۋىتى دەپ قارالدى. ھەر ئىككى تەرەپ توقۇنۇشتىن ساقلىنىش يولىنى تۇتۇپ، زورۇر بولغاندا ھەمكارلىشىشقا رىغبەتلەندى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا ئالاقىنى تەكىتلىدى. يۇقىرىقىلار ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئانتونىي بلىنكېننىڭ (Antony Blinken) خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن دائىم كۆرۈشىشىنىڭ سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆز ئارا دىئالوگ قۇرۇش تەھدىت شەكىللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. ئامېرىكا ۋە خىتاي ھەر ئىككى تەرەپ دەرسلىك ئۇسۇلى قوللاندى. كېلىمات ئۆزگىرىشى بۇ ئىككى چوڭ كۈچنى ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئۈندىدى.

ترامپ ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن بۇ رامكا يىمىرىلدى. كلىمات ئۆزگىرىشى ئەمدىدىن باشلاپ ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى ھەمكارلىق ساھەسى بولماي قالدى. نۆۋەتتە تاموژنا بېجى ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى سۆھبەتنىڭ ئاساسى نۇقتىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە خىتاي ئۈچۈن يەنىلا بىر چوڭ باش ئاغرىقى ھېسابلىنىدۇ. خەلقئارالىق ۋەزىيەت ناچارلاشقاندا خىتاي قوشنا دۆلەتلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت قۇرۇش بىلەن بىرگە، روسىيە ۋە باشقا ھەمكارچى دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى كۈچلەندۈرۈشكە مايىللىق كۆرسەتتى. بېيجىڭ مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ قەدەم بېسىپ، 2025-يىلى 4-ئايدا قوشنا دۆلەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەر يىغىنى ئۆيۈشتۇردى.

تىرامپ تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرىلا ئۇنىڭ ئامېرىكانىڭ خىتاي بىلەن بولغان سودا قىزىل رەقىبىنى مەسىلىگە ئايلاندۇرىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. تىرامپنىڭ تاشقى سىياسەت ۋە دۆلەت بىخەتەرلىكى گۇرۇپپىسىنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك جەھەتتىن خىتايغا قارشى قاتتىق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئىدى. يېمەكلىك ۋە ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكى جەھەتتە ئەندىشە ئىچىدىكى خىتاي سىرىق پۇرچاق بىلەن تەمىنلىگۈچىلەرنى تېپىپ چىقىش، شۇنداقلا ئىراندىن خام نېفىت ئىمپورتىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىنى ئامېرىكانىڭ تەسىرىدىن ساقلاپ قېلىشقا تىرىشتى. بەئەينى كۆپلىگەن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىقتىسادىي جەھەتتە خىتايغا بېقىنىپ قېلىشنى تۆۋەنلىتىشكە تىرىشقىنىدەك، خىتاي ئۆزىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئامېرىكا بېقىنىپ قېلىشنى تۆۋەنلىتىشكە تىرىشتى.

نۆۋەتتە خىتاينىڭ ئىقتىسادىي سىياسىتى دۆلەت ئىچى ئېھتىياجىنى مەركەز قىلغان ئىقتىسادىي قۇرۇلما بەرپا قىلىشقا مەركەزلەشتى. بۇ خىتاينىڭ «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى»دىكى ئىقتىسادىي سىياسىتى بىلەن روشەن پەرقلىنىدۇ. «ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىش دەۋرى»دە خىتاي تاشقى سودىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەمدىلىكتە، ئامېرىكانىڭ تاموژنا بېجى بېسىمىنىڭ نەتىجىسىدە، خىتاي ئىچكى مەركەزلىك ئىقتىسادىي ئەندىزىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. ئەلۋەتتە، خىتاي ئۈچۈن ئامېرىكا بىلەن بولغان سودىدا يەنىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان ساھەلەر بار. شۇنداقتىمۇ، مۇھىم ھېسابلانمايدىغان ساھەلەردە خىتاينىڭ مىللىي ئىشلەپچىقىرىشقا يۈزلىنىشىنى ياكى شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سودا شېرىكلىرىنى كۆپەيتىدىغانلىقىنى كۈتىمىز.

خىتاي قاتتىق تاموژنا بېجى سىياسىتىگە دۇچ كەلگەندە، ئۇنىڭ بۇ سىياسەتكە تاقابىل تۇرۇش ۋاستىلىرى چەكلىك. خىتاي ئامېرىكا مېلى سېتىۋېلىشنى ئازرۇلىغان تەقدىردىمۇ، خىتاينىڭ ئىچكى تەلەپكە يۈزلىنىشى ئىمپورتىنى كۈچەيتىش ئېھتىماللىقىنى تۆۋەنلىتىدۇ. مىسال سۈپىتىدە بايان قىلىش توغرا كەلسە، خىتاي ئايروپىلان سانائىتى جەھەتتىمۇ دۆلەت ئىچىدە ئۈچىدىغان ئايروپىلانلارنى ئۆزى ياساپ چىقىش سالمىقىنى ئاشۇرماقتا. بۇ ھال خىتاينىڭ ئامېرىكادىن زور نىسبەتلىك ئىمپورت قىلىشنى خالىمايدىغان بىر ھالەتنى شەكىللەندۈرمەكتە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىك چەكلەشلىرى سەۋەبلىك، خىتاي شىركەتلىرىنىڭ ئامېرىكادا مەبلەغ سېلىشى بەكلا تەسلەشمەكتە. بۇ شىركەتلەر ئامېرىكادا ئىشلەش پۇرسىتى يارىتىشقا پايدىلىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ ئامېرىكادا شىركەت قۇرۇپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىشى يەنىلا قىيىنلاشماقتا. بۇ ۋەجىدىن، خىتاينىڭ تاموژنا بېجى جەھەتتە ئامېرىكاغا قايتۇرما پەشۋا ئېتىشى پەقەتلا ئامېرىكانىڭ ماللىرىغا قارشى تاماژنا بېجىنى ئاشۇرۇشى لازىملىقىدىن ئىبارەت بىرلا تاللاش بىلەن چەكلىنىپ قالماقتا. خىتاي قوللىنىدىغان يەنە بىر تاكتىكا كەم ئۇچرايدىغان قېزىلما مېتاللار بىلەن لىتيۇم ئىيون باتارىيەلەرنى كوزىر ئورنىدا قوللىنىشتۇر.

كەم ئۇچرايدىغان قېزىلما مېتاللار ئاپتوموبىل سانائىتىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، تاموژنا بېجى مۇزاكىرىلىرىدىكى مۇھىم قورال ھېسابلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە خىتاي ئامېرىكانى دۇنياغا، بولۇپمۇ جەنۇبىي يېرىم شاردىكى دۆلەتلەرگە ئەركىن سودىغا بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى سۈپىتىدە تەسۋىرلەشكە تىرىشتى. خىتاي يەنە ئامېرىكانىڭ يۇقىرى تاموژنا بېجىغا ئۇچرىغان ئىقتىسادلىرىنى يىغىش ئۈچۈن تىرىشىپ، ئۇلارنى خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىپ، تاموژنا بېجى مەسىلىسىدە ۋاشىنگتونغا قارشى تۇرۇشقا چاقىردى.

خىتاي ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىدە ئۆزگە پايدىلىق نۇرغۇن ئامىللارنى تېپىپ چىقتى. USAID نىڭ ئۇنۇملۈك شەكىلدە پارچىلىنىشى، ئامېرىكا ئاۋازى ۋە ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى قاتارلىق ئاخبارات ئورگانلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەشنىڭ توختىتىشى مۇشۇنىڭ جۈملىسىدىن. USAID قا ئالاقىدار كۆپلىگەن خىزمەتلەر توختىتىپ قويۇلدى. بۇنىڭغا نىسبەتەن تىنىچ ئوكيان دۆلەتلىرىدىن ۋە ئافرىقا دۆلەتلىرىدىن كۆرۈنەرلىك ئىنكاسلار ۋە تەنقىدلەر كەلدى. گەرچە خىتاي ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى بىلەن ھەپىلىشىش ھالىتىدە بولسىمۇ، شۇنداقلا ئافرىقا ۋە تىنىچ ئوكيان دۆلەتلىرىگە 2010 ـ يىللىرىدىكىدەك ئىقتىسادىي ياردەم قىلمىسىمۇ، لېكىن بۇ ھال خىتاينىڭ پايدىسىغا ماڭماقتا.

ئامېرىكا ئاۋازى ئاڭلىتىشىنىڭ چۆكۈشى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆز ئاۋازىنى جاراڭلىتىشقا تىرىشىپ كەلگەن خىتايغا ياغدەك خوش ياقتى. ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى قىرغىنچىلىق ۋە باستۇرۇشلىرى ھەققىدە دائىم خەۋەر ئىشلەيتتى. بۇ ئورگانلارنىڭ خىزمەتلىرىنىڭ توختىلىپ قويۇلىشىغا نىسبەتەن خىتاينىڭ گۇلقەقەلىرىنىڭ ئېچىلىپ كەتكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە. USAID نىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى پەقەت تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىلا ئەمەس، شۇنىڭ بىلەن بىرگە خەلقئارالىق سادالارنىمۇ تەسىرگە ئۇچرىتىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ساختا ئۇچۇرلارنىڭ تارقىلىشىنى تىزگىنلەپ تۇرىدىغان مېخانىزىملاردا ئاقساش يۈز بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىلەر بارغانچە ئېشىپ بارماقتا.

خىتاي نۆۋەتتە ترامپ ھۆكۈمىتىنىڭ سىياسەتلىرىنى باھالاش ۋە يوشۇرۇن يوچۇقلارنى ئىزدەش باسقۇچىدا تۇرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرى خىتاي ئۆز سىياسەتلىرىنى يولغا قويۇشقا باشلىغىنىدا ۋاشىڭتوننىڭ پوزىتسىيىسىدىكى ھەر قانداق بىر ئاجىزلىقتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا قارشى جاۋاب قايتۇرالايدىغان قايتۇرالمايدىغانلىقىنى قىززىقسىنىش ئىچىدە كۈتىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://thediplomat.com/2025/07/china-us-relations-looking-for-an-edge/



# دۆلەتشاھ باخشى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

# دۆلەتشاھ باخشى

ھاجى ئەكبەر مۇھەممەدنىياز

ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئەمىر قەمەرىددىننىڭ 22 يىللىق نوپۇز ۋە سەلتەنەت تالىشىش ئۇرۇشلىرىدا، تۇغلۇق تۆمۈرخان دەۋرىدە پايتەخت ئالمالىققا تەكلىپ قىلىنغان نۇرغۇن ئوردا ئەركانلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى ئەمىر تۆمۈر تەرىپىدىن بۇخارا، سەمەرقەند، ئىسفاھان ۋە ھېرات قاتارلىق جايلارغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. مەزكۇر ئۇيغۇر سىياسىي ئەربابلىرى كېيىنچە تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنى ئۈچ قېتىملىق يىمىرىلىش خەۋپىدىن قوغداپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئازغىنە بىر قىسمىنىڭلا ناملىرى ۋە ئىش-ئىزلىرى تارىختا مەڭگۈ قالدى. ئەپسۇسكى ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پەيدىنپەي ئۇنتۇلۇپ كەتتى. دۆلەت ئەربابى دۆلەتشاھ باخشى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى نوپۇزلۇق كىشىلەرنىڭ رەسمىي مەرتىۋە نامى بولغان «باخشى» ئاتالغۇسى ۋە بۇ نام ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. «باخشى» ئاتالغۇسى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا «شائىر» ۋە «كاتىپ» مەنىلىرىدە قوللىنىلغان. غەربىي ئاسىيادىن مەركىزىي ئاسىياغا ئىسلامىيەت كېڭەيگەن 710-يىللاردىن 1510-يىللارغىچە بولغان سەككىز ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىدە «باخشى» ئاتالغۇسى خانلىق ئوردىدىكى مەكتۇپ پۈتۈكچىلىرى، خانلىق يارلىقلارنى يازىدىغان كاتىپلار ۋە قەلەم ماھارىتى ئۈستۈن بولغان شائىرلارنىڭ ئىلمىي ۋە سىياسىي ئۇنۋانىغا ئايلانغان. مىلادىيە 1555-يىلدىن كېيىن، «باخشى» ئاتالغۇسى جەنۇبىي ئاسىيادا قايتا باش كۆتۈرگەن يېڭى ئۇيغۇر ئىمپېرىيەسى — موغۇل ئىمپېرىيەسىدە ئاقىشقا ئېرىشتى. چۈنكى دۆلەت قۇرغۇچى ھۆكۈمدار زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر شاھنىڭ نەۋرىسى جالالىددىن مۇھەممەد ئەكبەر شاھ ئاتىسى ھۇمايۇن شاھ دەۋرىدىكى يىمىرىلىشنى خانلىق ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي مەركەزلەشتۈرەلمەسلىكتىن بولغان دەپ قاراپ، ئەسلىدە ئۈچ ۋازارەتتىن تەركىب تاپقان سەلتەنەت تۈزۈمىنى تۆت ۋازارەتكە كۆپەيتىپ، «باخشى ۋازارىتى»نى تەسىس قىلدى. باخشىلارنىڭ باشلىقى «مىر باخشى» دەپ ئاتالدى. مەزكۇر مىر باخشىنىڭ ۋەزىپىسى پايتەخت ۋە باشقا ھەر قايسى ۋىلايەتلەردىكى ئەمەلدارلار ۋە ئەسكەرلەرنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش بولغاچقا، «مىر باخشى» ئاتالغۇسى ئىنگلىز تىلىغا «باش سېكرېتار» ۋە «ئۇرۇش ۋەزىرى» دەپ تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. چۈنكى، مىر باخشى تۆت چوڭ نوپۇزلۇق ۋەزىر ئىچىدە پەقەت باش ۋەزىردىن كېيىنلا تۇرىدىغان ۋەزىر بولۇپ، بىۋاسىتە ئىمپېراتور ئەكبەر شاھقا باغلانغان ئىدى. مىر باخشى يەنە خانلىقنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان «مەنسەپدار» ئۇنۋانىدىكى بارچە ھەربىي ئوفىتسېرلارنى باشقۇرۇش

ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئىشقا قويۇش ۋە ئىشتىن بوشىتىش ھوقۇقى بار ئىدى. مەنسەپدارلىق ئەكبەر شاھ ئۆزى بىر قوللۇق ئىجاد قىلغان يېڭى ھەربىي مەنسەپ بولۇپ، مەنسەپدارلار ئادەتتە يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ۋە مۈلكىي ۋالىيلار، ئەسكىرىي قوماندانلار، ساقچى ۋە ئامانلىق كۈچلىرىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئاتامانلىرىدىن تاللىناتتى. مىڭ ئەسكىرى بار مەنسەپدار «ئەمىر» دەپ ئاتالسا، مىڭدىن بەش مىڭغىچە ئەسكىرى بارلىرى «ئەمىرى كەبىر»، بەش مىڭدىن جىق مۇنتىزىم ئەسكىرى بارلىرى «ئەمىرلەر ئەمىرى» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يېڭى مەنسەپنىڭ ئىمپېرىيەنىڭ قۇدرەت تېپىشىغا قوشۇۋاتقان تۆھپىلىرىنى كۆزدە تۇتقان ئەكبەر شاھ كېيىنچە مىر باخشى ۋە ئۇنىڭ مەنسەپدارلىرىغا ئىستىخبارات ئىشلىرىنىمۇ ھاۋالە قىلغان. ئەكبەر شاھ پەقەت ئەڭ يۇقىرى ھەربىي ھوقۇقنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ، ئارمىيەنى پۈتۈنلەي ئۆزى تىزگىنلىگەن. بۇ خىل دانا تاكتىكا سەۋەبلىك، يېڭىدىن تىرىلگەن خانلىق ئەكبەر شاھنىڭ 50 يىللىق دەۋرىدە قالتىس گۈللەپ-ياشناپ ۋە قۇدرەت تېپىپ، كېيىنكى 255 يىللىق مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئاساس سالغان.

ئەپسۇسكى، 1510-يىللاردىن كېيىنكى توغرا يولدىن چەتنەپ كەتكەن ئازغۇن ۋە ئاشقۇن تەركىدۇنياچى سوپىزىم ئېقىمىنىڭ مەركىزىي ئاسىيادا ھەددەپ يامرىشى تۈپەيلىدىن، ئەسلىدە پەقەت مەخسۇس ئىلمىي، سىياسىي ۋە ھەربىي مەرتىۋە نامى بولغان قۇتلۇق «باخشى» نامى ئۇيغۇرلاردا ھەر خىل دىنىي ئەپسۇنلارنى ئوقۇپ، كىشىلەرگە چاپلىشىۋالغان جىن-شەيتانلارنى قوغلايدىغانلىقىنى داۋا قىلىدىغان ئالدامچى، ساختىپەز رەمباللار ۋە پالچىلارنى كۆرسىتىدىغان ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغان. تۈركمەنلەر ۋە ئۆزبېكلەردە بولسا «باخشى» ئاتالغۇسى پالچى ۋە داستانچى ۋائىزلارنى كۆرسىتىدىغان ئاممىۋى ئاتالغۇ بولۇپ قالغان. «باخشى» ئاتالغۇسى قازاقلار ۋە قىرغىز خەلقلىرى ئارىسىدا ھەتتا ئەر-خوتۇنلارنى ئاجراشتۇرۇپ، باشقىلارنى ئامراق قىلىپ ئۆيلەيدىغان سېھىرگەر ۋە داخانلارنى كۆرسىتىدىغان سەلبىي ئاتالغۇغا ئايلىنىپ قالغان. بەختكە يارىشا «باخشى» ئاتالغۇسى غەربىي ئاسىيادىكى دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلۈك تۈركىي دۆلەت — ئوسمان ئىمپېرىيەسىدە «بۈيۈك روھانىي ئۇستاز» مەنىسىدە قوللىنىلسا، ئۇيغۇر ۋەتىنىگە خوشنا جەنۇبىي ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانى بولغان موغۇل ئىمپېرىيەسى تەۋەسىدە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي ۋە سىياسىي مەنسەپ نامى سۈپىتىدە ئىزچىل ئەتىۋارلىنىپ قوغداپ قېلىنغان. كېيىنچە، 1859-يىلى پۈتۈن ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقىنى پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇپ، 1876-يىلى بۇ جايلارنى ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ جاكارلىغان ئىنگلىزلار بۇ مەنسەپنى بىكار قىلغان. 1924-يىلى 3-مارت ئوسمانلىلارمۇ تارىختا ئايلانغان. شۇنداق قىلىپ، «باخشى» ئاتالغۇسى مەركىزىي ئاسىيا مىقياسىدا سەلبىي مەنىدىكى بىر ئىجتىمائىي ئاتالغۇ سەۋىيەسىگە چۈشۈپ قالغان ۋە بۇ خىل ھالەت تا ھازىرغىچە داۋام قىلماقتا.

دۆلەتشاھ باخشى مىلادىيە 1431-يىلى ئەينى چاغدىكى تۆمۈرىيلەر ھۆكۈمدارى شاھرۇخ مىرزىنىڭ يېقىن ئادىمى ئەمىر ئالائۇددىن دۆلەت كاشغەرىي ئائىلىسىدە، ھازىرقى سەمەرقەند شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. مەزكۇر شەھەر 1405-يىلىغا قەدەر ئەمىر تۆمۈرنىڭ پايتەختى بولغان ئىدى. كېيىنچە 1409-يىلىدىن باشلاپ، ئەمىر تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگنىڭ پايتەختى بولغان. ئەمىر ئالائۇددىن دۆلەت ئەسلى پايتەخت ئالمالىقتا ياشىغان ئۇيغۇر ئوردا پۈتۈكچىسى بولۇپ،

ئۇنىڭ ئەسلى تولۇق ئىسمى بەختشاھ باخشى ئىدى. ئۇ ئەمىر تۆمۈر بىلەن ئەمىر قەمەرىددىن ئارىسىدىكى ئۇرۇشلاردا سەمەرقەندكە ئەكتىلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ بىرى بولۇپ، كېيىنچە ئەمىر تۆمۈرنىڭ دەشتى قىپچاق ۋە شام يۈرۈشلىرىگە قاتنىشىپ «غازى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئىدى. ئەمىر تۆمۈر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بەختشاھ غازى ئەمىر تۆمۈرنىڭ كىچىك ئوغلى شاھرۇخ مىرزىنىڭ يېقىن ئادىمىگە ئايلىنىپ، تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ تۈنجى قېتىملىق ھالاك بولۇش ۋە يىمىرىلىش خەۋپىنى بىتچىت قىلدى. شۇ ۋەجىدىن شاھرۇخ مىرزا ئۇنىڭغا «ئالائۇددىن دۆلەت غازى»، يەنى «دۆلەتنى ئۇستۈن قىلغۇچى غازى» دېگەن ھۆرمەت مەرتىۋىسىنى ئىنئام قىلغان.

شاھرۇخ سەلتەنىتىنىڭ 22-يىلى ئۇنىڭ ئوغلى مىرزا ئۇلۇغبەگ ۋاسسال ۋالىيلىق قىلىۋاتقان سەمەرقەند شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن دۆلەتشاھ باخشى ئەڭ دەسلەپكى تەلىم-تەربىيەنى مەزكۇر شەھەردىكى نوپۇزلۇق ئالىملاردا ۋە دىنىي مەدرىسلەردە ئالغان. ئارقىدىنلا ئۇ ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىپ، 15 يېشىدىن باشلاپلا ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئوردا پۈتۈكچىلىكى ۋە يارلىق پۈتۈش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئەپسۇسكى، 1447-يىلى 3-ئايدا شاھرۇخ مىرزا ئىرانىنىڭ رەي شەھرىدە ۋاپات بولغاندىن كېيىن، تۆمۈرىيلەر سەلتەنىتى يەنە بىر قېتىملىق يىمىرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا ئەمىر ئالائۇددىن دۆلەت غازى ۋە ئوغلى دۆلەتشاھ باخشى يەنە بىر قېتىم چوڭ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئىسيانكار خانزادىلەر ۋە ئەمىرلەردىن ئادا-جۇدا بولۇپ، شاھرۇخنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى مىرزا ئۇلۇغبەگنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، خانلىقنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى توسۇپ قالغان. ئەپسۇسكى، مىرزا ئۇلۇغبەگ 1449-يىلى ئۆز ئوغلى ئابدۇللەتىپ مىرزا تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، تۆمۈرىيلەر خانلىقى سەمەرقەند ۋە ھېراتنى مەركەز قىلغان ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئامۇ دەرياسى مەزكۇر ئىككى بۆلەكنىڭ چېگرا-پاسىلى بولۇپ قالغان. بەختشاھ غازى ۋە دۆلەتشاھ باخشى بىر پۈتۈن دۆلەتنى پارچىلىنىشتىن توسۇپ قالالمىغاندىن كېيىن، بىرلىكتە مەنسىپىدىن ۋاز كېچىپ، ھازىرقى مۇرغاب دەرياسى ۋادىسىدىكى مۇنبەت زېمىن ئىسفىرايىنغا كۆچكەن. بۇ جاي ھازىرمۇ ئىراننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدىكى شىمالىي خۇراسانغا تەۋە ناھايىتى مۇھىم جاي دەپ قارالماقتا. شۇ سەۋەبتىن، دۆلەتشاھنىڭ ئاتىسى مۇشۇ جاينىڭ نامى بىلەن «ئالائۇددىن دۆلەت غازى ئىسفىرايىنى» دەپ تارىخقا پۈتۈلگەن.

بەختشاھ غازى ئىلگىرى ئالمالىقتا بەك كۆركەم بىر باغ بەرپا قىلغان بولۇپ، بۇ باغنى چاغاتاي خانلىقى تەۋەسىدىكى ئەڭ گۈزەل باغقا ئايلاندۇرغان. كېيىن بۇ «باغى ئىرەم» ئەمىر تۆمۈرنىڭ ھۇجۇملىرىدا ئالمالىق بىلەن بىر قاتاردا خارابىلىككە ئايلانغان. بەختشاھ غازى خۇراساندا يەنە بىر قېتىم غەيرەت قىلىپ، مۇرغاب دەرياسى ھاۋزىسىدا ناھايىتى چوڭ كۆلەملىك بىر مېۋىلىك باغ ۋە تېرىلغۇ يەر ئېچىپ، ئېھتىياجلىرىنى ھالالدىن قامدىغان. ئۇ 1450-يىللىرىدا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئارزۇلۇق ئوغلى دۆلەتشاھ باخشى سەمەرقەند تەختىگە چىققان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ تەكلىپى بىلەن يەنە بىر مەزگىل ئوردىغا قايتىپ بۇرۇنقى پەرمانچىلىق خىزمىتىنى داۋام قىلغان. كېيىنچە 1469-يىلى ئەتىيازدا ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ ئاققويۇنلۇق تۈركمەنلەرنىڭ سەردارى ئۇزۇن ھەسەن تەرىپىدىن قاراباغدا قەتلى قىلىنىشى بىلەن يېڭىدىن باشلانغان تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىنىڭ يەنە

بۆلۈنۈشى ۋە ئاققويۇنلۇقلارنىڭ ھۇجۇملىرىغا تاقابىل تۇرالمىغان بۆلگۈنچى خانزادىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقلىرىدىن قاتتىق ئاغرىنغان دۆلەتشاھ باخشى، پۈتكۈل مەنسەپلىرىنى تاشلاپ ئاتىسىدىن مىراس قالغان باغقا قايتىپ كەتكەن. ئۇ شۇنىڭدىن بۇيان بۇ باغنى ياخشى پەرۋىش قىلىپ، سىياسەت ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىدىن يىراق تۇرغان. مەزكۇر باغ 1469 ـ يىلى ھېراتنى تاشلاپ قاچقان ھۈسەيىن بايقارانىڭ بىر مەزگىل پاناھلىنىدىغان كۆڭۈلدىكىدەك ئەپلىك جايىغا ئايلانغان. چۈنكى دۆلەتشاھ باخشى بىلەن مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئاتىسى غىياسىددىن باخشى ئۇخشاشلا شاھرۇخ مىرزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادەملىرى بولۇپلا قالماي، يەنە تېخى ئۆزئارا يېقىن قەدىناسلاردىن ئىدى. شۇڭا ھېراتنىڭ تەختىدىن مەھرۇم قالغان ھۈسەيىن بايقارا، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھېراتتىن شىمالىي خۇراساندىكى مەزكۇر باغقا چېكىنىشكە قوشۇلغانىدى. دەرۋەقە ئۇلار بۇ يەرنى بازا قىلىپ، يېرىم يىلدەك كۈچ توپلىغاندىن كېيىن ھېرات تەختىنى ئۇتۇقلۇق قايتۇرۇۋالغان.

مىلادىيە 1470 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ھېرات تەختى ھۈسەيىن بايقارا، سەمەرقەند تەختى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزانىڭ چوڭ ئوغلى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا قارار تاپقاندىن كېيىن، سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئۈچ ھۆكۈمدار ئوغلى تەڭلا سەئىدخاننىڭ بوۋىسى يۇنۇسخانغا كۈيئوغۇل بولۇپ، خانلىقنىڭ شىمالىي قىسمى تىنچلىق دەۋرىگە كىرگەن. بۇ چاغدا خانلىقنىڭ جەنۇبىدىكى ھەر قايسى ۋىلايەتلەر ھېراتنى مەركەز قىلغان ھۈسەيىن بايقاراغا بويسۇنۇپ، ئىككىگە پارچىلانغان تۆمۈرىيلەر سەلتەنىتى مەزكۇر ئىككى جەمەت تەرىپىدىن ئادىل ئىدارە قىلىنىپ، تۆمۈرىيلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئوتتۇز يىللىق تىنچلىق ۋە گۈللىنىش دەۋرى بارلىققا كەلگەن.

1469 ـ يىلى يازدا ئاققويۇنلۇق تۈركمەنلەر سەردارى ئۇزۇن ھەسەننىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن شاھرۇخ مىرزانىڭ نەۋرىسى يادىكار مۇھەممەد مىرزا ھېرات تەختىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، شىمالغا چېكىنگەن ھۈسەيىن بايقارا ۋە مىر ئەلىشىر نەۋائىي دۆلەتشاھ باخشىنىڭ خۇراساندىكى ئېرەم بېغىدا پاناھلانغان چاغدا، ئۇنىڭ ئەلەمدە ۋە قەلەمدە تەڭلا يېتىشكەن ئەزىمەت ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئۇنى ئۆز سېپىگە قوشۇۋالماقچى بولغانىدا، ئۇ بۇ خىلدىكى تەكلىپلەر ۋە ئۇرۇنۇشلارنى سىلىق رەت قىلغان. كېيىنكى يىلى مىر ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇرۇش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ ھېرات تەختىنى قايتۇرۇۋالغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۇنى قايتىدىن ھېراتقا كېلىپ خانلىق ئوردىدا ئۆزىگە ھەمدەمدە بولۇشقا دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، دۆلەتشاھ باخشى بۇ تەكلىپنى يەنىلا رەت قىلغان. ئاخىرىدا ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىلمىي سورۇنلارغا قاتنىشىپ تۇرۇش تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلىپ، 1470 ـ يىلىدىن تاكى 1492 ـ يىلىغىچە بولغان 22 يىل ۋاقتىنى مىر ئەلىشىر نەۋائىي ۋە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئىلمىي سورۇنلىرىغا داۋاملىق قاتنىشىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. بۇ جەرياندا زېرەك مىر ئەلىشىر نەۋائىي دۆلەتشاھ باخشىنىڭ كەم ئۇچرايدىغان قەلەمدار ئىكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنى ئۆلىمەس بىر ئەسەر يېزىپ چىقىشقا دەۋەت قىلغان، ھەم ئىقتىسادىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن مەدەت بېرىپ تۇرغان. بۇنىڭدىن خېلىلا تەسىرلەنگەن دۆلەتشاھ باخشى پۈتۈن ھىممىتىنى ئىشقا سېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر ئۆلمەس ئەسەر يېزىپ چىققان. ئۇ مەزكۇر كىتابىنىڭ ئىسمىنى «تەزكىرەتۇش شۇئەرا» (شائىرلار تەزكىرىسى) دەپ ئاتىغان ئىدى. بۇ بىباھا ئىلمىي ئەسەر ئۇنىڭ 1470 ـ يىلىدىن 1485 ـ يىلىغىچە ئۇدا يۈكسەك

ھىممەت ۋە غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە، 1487-يىلى تاماملىنىپ پۈتتۈرۈلگەن. مەزكۇر ئەسەردە مىلادىيە 9-ئەسىردىن تاكى ئۆزى ياشىغان دەۋرلەرگىچە بولغان 666 يىللىق تارىخىي مۇساپىدە ھازىرقى ئىران، ئىراق، ئافغانىستان، خۇراسان، ھىندىستان ۋە تۈركىستانلاردا ياشىغان داڭلىق شائىرلارنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئىش-ئىزلىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن. شۇ ۋەجىدىن مەزكۇر ئەسەر كېيىنكى دەۋرلەردىكى تەزكىرە ئەسەرلەرنىڭ مودا بولۇشىغا ۋە تەزكىرىچىلىك ئېقىمىنىڭ بارلىق تۈرك-ئىسلام دۇنياسىغا قاراپ كېڭىيىشىگە ئىلھام بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، مەزكۇر ئەسەر ئەبۇلقاسىم ئەل فىردەۋسىنىڭ شاھانە ئۆلمەس ئەسىرى «شاھنامە»دىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم شاھانە ئەسەر دەپ قارالغان. چۈنكى شۇ چاغقىچە ھېچكىم بۇنداق تېمىدا ئومۇمىيۈزلۈك قەلەم تەۋرىتىپ باقمىغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، «شاھنامە» ئىراننىڭ تارىخىنى قۇتقۇزغۇچى كىتاب دەپ قارالغان بولسا، مەزكۇر «شائىرلار تەزكىرىسى» ئىراننىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى قۇتقۇزۇلغان تارىخى دەپ قارالماقتا.

ھاياتىنىڭ دەسلەپكى 22 يىلىنى ئاتىسى بەختشاھ غازى بىلەن بىللە سارايلاردا ۋە ئوردىدا، ئوتتۇرىدىكى قىرانلىق يىللىرىنى ئىمپېرىيەنىڭ بۆلۈنۈشىگە قارشى تۈرلۈك كۈرەشلەر بىلەن، ئاخىرقى 22 يىلىنى مىر ئەلىشىر نەۋائىيلار بىلەن ئىلمىي سورۇن ۋە ئىلمىي ئىزدىنىشلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن ھەممەتلىك ئۇيغۇر سىياسەتچىسى ۋە قەلەمى ئۆتكۈر ئۇيغۇر شائىرى دۆلەتشاھ باخشى، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئىنىسى دەرۋىش ئەلىنىڭ ئىسيانىدىن كېيىنكى ئۈچ يىللىق دەرت-ئەلەم ۋە سورۇقچىلىقلار دەستىدىن، بولۇپمۇ ئەڭ يېقىن قەدىناسى ئابدۇراھمان جامىنىڭ ۋاپاتى، بابۇر شاھنىڭ ئاتىسى ئۆمەر شەيخ مىرزا ۋە ئۇنىڭ ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزالارنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىن كېيىن كېلىپ چىققان قايغۇ-ھەسرەتلەر ۋە روھىي ئازابلار تۈپەيلىدىن، مىلادىيە 1495-يىلى ئاتىسى بەرپا قىلغان ئېرەم باغدا ۋاپات بولغان ۋە شۇ يەردە ئاتىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ۋە مىر ئەلىشىر نەۋائىي دۆلەتشاھ باخشىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى مەزكۇر خانلىقنىڭ پېشقەدەم مۆتىۋەر ۋەزىرى سەۋىيەسىدە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئائىلىسىگە بەدەخشان، پەرغانە ۋە سەمەرقەندنى سوراۋاتقان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا نەۋرىلىرىنىڭ تۈرلۈك تەزىيە مەكتۇپلىرى يېتىپ كەلگەن. ئىلگىرى تۆمۈرىيلەر ئىمپېرىيەسىدە خىزمەت قىلغان پېشقەدەم ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇنداق ھۆرمەتكە پەقەت «ئەمىرلەر ئەمىرى» دەپ ھۆرمەت تاپقان سۇلتان مالىك كاشغەرىيلا ئېرىشىپ باققان ئىدى. ئەپسۇسكى غەربىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلار بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالاقىلىرىنىڭ ئۈزۈلۈشى ۋە ئىككى چوڭ ئوخشىمىغان دۈشمەن كۈچلەر تەرىپىدىن مۇستەملىكە قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلەتشاھ باخشى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش ساناقسىز تۆھپىكار ئۇيغۇرلار ھازىرقى ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلدى. ئۇلارنى تەزكىرىلەردىن، يېڭى بايقالغان قوليازما ئەسەرلەردىن ۋە زامانىۋى ئارخىپلاردىن ئىزدەپ تېپىپ خەلققە تونۇتۇش، ھازىرقى چۈشكۈن ۋە ئۈمىدسىز ئۇيغۇر جامائىتىنى ئۇلارنىڭ يۈكسەك ماھارىتى، ھىممەت-غەيرىتى بىلەن مول ئوزۇقلاندۇرۇش ھەقىقىي قەلەم ئىگىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولالمايدىغان مۇقەددەس ۋە تەخىرسىز بۇرچىدۇر.

# ئامېرىكادا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى قانۇن لايىھەسى



## ئامېرىكادا ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك يېڭى قانۇن لايىھەسى

ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى دەن سۇلىۋان (Dan Sullivan) ۋە ئاۋام پالاتا ئەزاسى، دۆلەت مەجلىسى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە قوشۇمچە رەئىسى كرىس سمىس (Chris Smith) بۈگۈن 2025-يىللىق «ئۇيغۇر قىرغىنچىلىقى ۋە جازا جاۋابكارلىقى قانۇنى لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قانۇن لايىھەسى خىتاينىڭ ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەرنى باستۇرۇش مەقسىتىگە قارشى بولغان، كەڭ دائىرىلىك ۋە ئامېرىكادىكى ئىككى سىياسىي پارتىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن لايىھەسى ھېسابلىنىدۇ. كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېف مېركلىي (Jeff Merkley) ۋە ئاۋام پالاتا ئەزاسى توم سۇزى (Tom Suozzi) قاتارلىقلارمۇ بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشىدا ھەمدەم بولغان. ئاۋام پالاتا ئەزاسى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىنىڭ خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئالاقىدار ئىشلار كومىتېتى رەئىسى جون مۇلىنارمۇ (John Moolenaar) بۇ قانۇن لايىھەسىگە قاتناشقان.

بۇ قانۇن لايىھەسى مەۋجۇت جازالاش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ، ۋىزا چەكلىمىسىنى روياپقا چىقىرىدۇ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىشلىق توختاملىرىنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىشكە، نومۇسىغا تېگىلىشكە ۋە خالىغانچە تۇتۇلۇپ ـ سولىنىشقا دۇچ كەلگەن زىيانلانغۇچىلارغا بۇ قانۇن لايىھەسىنىڭ ياردىمى تېگىدۇ. بۇ قانۇن لايىھەسى يەنە ئامېرىكا ئورگانلىرىنى خىتاي كومپارتىيىسى تەرىپىدىن تەھدىتكە دۇچ كەلگەن مەدەنىي مىراسلارنى قوغداشقا يۈنەلتىدۇ، ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ئىنكار قىلىدىغان تەتۈر تەشۋىقاتلارغا قارشى تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا چېتىشلىق بولغان مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە ئائىت ئورۇنلاردا خىتاينىڭ دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىنى ۋە سېتىۋېلىنىشىنى چەكلەيدۇ.

ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزاسى دەن سۇلىۋان مۇنداق دېدى:

قولىمىزدىكى دەلىل-ئىسپاتلار تولۇق. خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش، ئۈچچە تۈرمىگە سولىۋېلىش ۋە مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۇيغۇر خەلقىنى يوق قىلىش ئۈچۈن سىستېمىلىق ھەرىكەتكە ئۆتكەن. ئامېرىكا مەزكۇر قانۇن ئارقىلىق بۇ قورقۇنچلۇق

جىنايەتلەرنىڭ ئىجراچىلىرىنىلا ئەمەس، ئۇنىڭغا قوشۇپ بۇ جىنايەتنى قوللىغانلارنى ۋە بۇنىڭدىن مەنپەئەتكە ئېرىشكەنلەرنىمۇ ھېسابقا تارتىش ئەۋزەللىكىگە ئىگە بولىدۇ.

بۇ قانۇن لاھىيەسى ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ئارقىلىق دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەشكە قاتناشتۇرۇش قىلمىشىغا زەربە بېرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىلمىش ئۇيغۇرلارنى زۇلۇمغا ئۇچرىتىش بىلەن بىرگە، ئامېرىكالىق دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىغا ئادىلسىز سودا رىقابىتى ئارقىلىق كۈچلۈك رەۋىشتە زىيان سالماقتا.

ئاۋام پالاتا ئەزاسى كرىس سمىس مۇنداق دېدى:

«ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆتمۈشنىڭ يالدامىسى بولماستىن، ئۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يۈز بېرىۋاتىدۇ. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنى يوق قىلىپ تاشلاش يولىدىكى رەزىل تىرىشچانلىقلىرى يېڭى زامان تارىخىدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ قانۇن لايىھەسى خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈشىگە ئېنىق قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەرمەكتە: جازا نىشانلىرى، ۋىزا چەكلىمىلىرى — ھايات قالغانلارغا ياردەم بېرىش ۋە بۇ جىنايەتتىكى ھەمكارلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇش يولىدىكى كۈچلۈك تەدبىر ھېسابلىنىدۇ. ۋەھشىيانە زوراۋانلىق جىنايەتلىرى يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا سۈكۈت ئىچىدە قاراپ تۇرالمايمىز.»

كېڭەش پالاتا ئەزاسى جېف مېركلىي مۇنداق دېدى:

«خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا ئاجىز قەۋملەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى چەيلەپ-يانچىشنى داۋام قىلغانلىقى مۇددەتتە، ئامېرىكا بۇ قورقۇنچلۇق ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى ۋە سېستىمىلىق دەپسەندىچىلىكلەرنى خەلقى - ئالەمگە جاكارلاش ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلىشى كېرەك. ئامېرىكادىكى ھەر ئىككى سىياسىي پارتىيەگە تەۋە كىشىلەر قاتناشقان بۇ قانۇن لايىھەسى خىتايغا قارىتىلىدىغان جازا دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا تۈركىي ئاز سانلىق مىللەتلەرگە يۈرگۈزگەن قورقۇنچلۇق كۆزىتىش رېجىمىنى، ئۇيچە تۇرمىگە قاماش، تەن جازاسى بېرىش ۋە ئاتالمىش «يېڭىدىن تەربىيەلەش لاگېرلىرى» يۈزىسىدىن جاۋابكارلىققا تارتىش ئۈچۈن يېڭى ئىجرائاتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشقا قارشى تۇرۇشنى ئاساس قىلىدۇ. خىتاينىڭ زوراۋانلىق ۋە زۇلۇم سىياسىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بۇ قانۇن لايىھەسىنى بىر كۈن بالدۇر بولسىمۇ تەستىقتىن ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم.»

ئاۋام پالاتا ئەزاسى، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى خىتاي ئىشلىرى ئىجرائىيە كومىتېتى باشلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى قوش رەئىسى توم سوزى مۇنداق دېدى:

«خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا ۋە باشقا ئېتنىك ئاز سانلىقلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك تۇتۇپ ـ سولاش، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىش، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش ۋە مىللەتنى يوق قىلىۋېتىشكە ئىرىكىشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باستۇرۇش سىياسىتى يۈرگۈزمەكتە. مەزكۇر قانۇن (تەستىقتىن ئۆتسە) خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە قارشى جازالارنى كۈچەيتىدۇ. شۇنداقلا كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىش قىلمىشلىرىنى ھۆججەتلەشتۈرۈش ۋە پاش قىلىش قابىلىيىتىمىزنى ئاشۇرىدۇ. ئۇيغۇر گۇرۇپپىسى قوش رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ قانۇننى دۆلەت مەجلىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم خىزمەتلىرىدىن بىرى ھالىتىگە ئېلىپ كېلىش جەھەتتە قەتئىي نىيەتتىمەن.»

ئاۋام پالاتا ئەزاسى جون سىمىنار مۇنداق دېدى:

«خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان زۇلۇمى بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. بۇ قانۇن لايىھەسى تېخىمۇ قاتتىق جازالارنى قوللىنىش، دەپسەندىچىلەرگە ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش، شۇنداقلا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك باج تۆلەش توختاملىرىنى بىكار قىلىش ئارقىلىق ئامېرىكانىڭ كۈچلۈك ۋە پرىنسىپلىق ھالدا لىدىرلىق قىلىشىنى داۋام قىلىدۇ. شۇنداقلا، بۇ قانۇن لايىھەسى ھايات قالغانلارغا زۆرۈر ياردەملەرنى بېرىش روياپقا چىقىرىدۇ، شۇنداقلا خىتاي تەتۈر تەشۋىقاتىغا قارشى تۇرىدۇ. ئەگەر ئىنسانىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە راستتىنلا ئىشەنسەك، مەجبۇرىيەتنى سۇرۇشتۈرۈش خىتايغا قارشى سىياسىتىمىزنىڭ ئاساسى بولۇشى لازىم.»

«ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى ۋە جازا جاۋابكارلىقى قانۇن لايىھەسى»

* نۆۋەتتە مەۋجۇت بولغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇن لايىھەسى»دىكى مەۋجۇت جازالارنى — ئىچكى ئەزالارنى مەجبۇرىي سۆكۈپ ئېلىۋېلىش، مەجبۇرىي بالا چۈشۈرۈۋېتىش ۋە بالىلارنى ئائىلىلىرىدىن ئايرىۋېتىش قاتارلىق جىنايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان شەكىلدە كېڭەيتەلەيدۇ.

* ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇرىي تۇغماس قىلىۋېتىش ۋە ئۇيغۇر نوپۇسىنى چەكلەش قىلمىشلىرىدا قولى بار كىشىلەرنىڭ ئامېرىكا ۋىزىسى ئېلىشىنى چەكلەشنى روياپقا چىقىرالايدۇ.

* ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش بىلەن بولغان ئالاقىسى سەۋەبلىك دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگە ئائىت ئورۇنلاردا خىتاي دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشىنى ۋە سېتىلىشىنى چەكلەيدۇ.

* نۆۋەتتە خىتاي دۆلىتىنىڭ سىرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ۋە قازاق مىللىتىدىن بولغان لاگىر شاھىتلىرىغا، شۇنداقلا خىتاي دۆلىتىدىكى چاغدا خىتاينىڭ بۇ جەھەتتىكى زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارغا تىببىي ۋە پىسخولوگىيىلىك خىزمەت سۇنۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ياردەملەرنى روياپقا چىقىرالايدۇ.

* كىملىكى تەھدىت ئاستىدا بولغان ئېتنىك ۋە دىنىي ئاز سانلىقلار ئۈچۈن كۈلتۈرەل ۋە تىل جەھەتتىكى مۇداپىئەنى ئاشۇرىدۇ.

* ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك شىركەت-كارخانىلاردىن مال سېتىۋېلىشىنى چەكلەيدۇ.


* ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدىغان كومپارتىيە تەتۈر تەشۋىقاتلىرىنى پاش قىلىدۇ ۋە بۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ.

* كەلگۈسىدىكى خەلقئارالىق ۋەياكى يەرلىك تەكشۈرۈشلەردە ئىشلىتىش ئۈچۈن زوراۋانلىق جىنايەتلىرىنىڭ سوئال - سوراق قىلىنىشىنى ۋە ھۆججەتلەندۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://www.merkley.senate.gov/chairs_introduce_landmark_uyghur_genocide_and_sanctions_accountability_act/

# ئامېرىكا خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆرۈلۈشىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ




ئەركىن سىدىق

# ئامېرىكا خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆرۈلۈشىگە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ

ئەركىن سىدىق

خادسون ئىنستىتۇتى 2025-يىلى 16-ئىيۇل كۈنى «كوممۇنىزمدىن كېيىنكى خىتاي: كومپارتىيەدىن كېيىنكى خىتاي ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش» ناملىق بىر دوكلاتنى ئېلان قىلدى. مەزكۇر دوكلات خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلۇش ئېھتىماللىقى ۋە ئۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ھەققىدىكى كۆز قاراش، مۇھاكىمە، ئانالىز ۋە تەكلىپلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان بولۇپ، ئۇ خىتاي كومپارتىيەسى ھازىر دۇچ كېلىۋاتقان ئىچكى ۋە تاشقى قىيىنچىلىقلارغا قارىتىلغان ئىستراتېگىيەلىك ئىنكاس شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان. خىتاي ھازىر دۇچ كەلگەن قىيىن ئۆتكەللەر خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى چېكىنىشى، خىتاي نوپۇسىنىڭ قېرىلىشىشى، ئۆي-مۈلۈك بازىرىنىڭ كاساتلىششى، ياشلارنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى ئىشسىزلىقى، سىياسىي چىرىكلىك ۋە تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىكى بۇزۇلۇشلار قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇنداق بىر قاتار مەسىلىلەر خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ ھەربىي ئىشلار، ئىستىخبارات، ئىقتىساد، كىشىلىك ھوقۇق، ئۆتكۈنچى ئادالەت ۋە ئاساسىي قانۇن بويىچە ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، كومپارتىيەدىن كېيىنكى خىتاي ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشكە تۈرتكە بولغان. بۇ مۇتەخەسسىسلەر تارىخىي تەھلىل، ئىستراتېگىيەلىك ئالدىن كۆرۈش ۋە ئوخشىمىغان ساھەلەرگە ماس كېلىدىغان كەسپىي ئىقتىدار ئاساسىدا خىتاي ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىن خىتايدا مۇقىملىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ دەسلەپكى تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاينىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلىرى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئۇزۇن مۇددەتلىك تەدبىرلەرنى مۆلچەرلەپ چىققان. غەربتىكىلەر ھازىرغىچە «خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆرۈلۈشى مۇمكىنمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ كەلگەن بولۇپ، مەزكۇر دوكلات خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىن نېمە بولىدىغانلىقى ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈپ، ھەم پىلان تۈزۈپ، بۇ يېڭى دەۋردىكى خىرىس ۋە پۇرسەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت سىياسەت تەكلىپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەزكۇر دوكلات جەمئىي ئالتە بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى خادسون ئىنستىتۇتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى تەييارلىغان، قالغان قىسمىنى باشقا ئورگانلارغا تەۋە مۇتەخەسسىسلەر تەييارلىغان.

بۇ دوكلاتنىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئامېرىكانىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مايك پومپېئونىڭ خىتاي ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى يۇ ماچۇن (余茂春, Yu Miles) ئۆز ئۈستىگە ئالغان.

تۆۋەندە بىز مەزكۇر دوكلاتنىڭ ھەربىر قىسمىدا بايان قىلىنغان خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

**1. ئامېرىكانىڭ ئالاھىدە ھەربىي كۈچلىرى ئوينايدىغان روللار**

ئاپتور بۇ بابتا 2-دۇنيا ئۇرۇشى جەريانىدا ئامېرىكانىڭ ئالاھىدە ھەربىي كۈچلىرى ئوينىغان تارىخىي روللارنى ئەسلەپ ئۆتۈپ، ئامېرىكانىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىي كۈچلىرىنىڭ كومپارتىيە ئۆرۈلگەندىن كېيىن خىتاينى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە قانداق رول ئوينىشى كېرەكلىكى ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزگەن. ئۇ تىلغا ئالغان ئىشلاردىن تۆۋەندىكىلىرى بار: يەرلىك ھۆكۈمەتلەرگە ياردەم قىلىش، ھالقىلىق قۇرۇلمىلارنى قوغداش، يەرلىك ئەمەلدارلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، يېڭى ھۆكۈمەتلەرنىڭ تىنچلىق يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كېلىشىگە ياردەم بېرىش.

**2. بىئولوگىيەلىك قورال قۇرۇلمىلىرىنى يوق قىلىش**

ئاپتور بۇ قىسمىدا خىتايدىكى بىئولوگىيەلىك قورال قۇرۇلمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈش ۋە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ بىئولوگىيەلىك قورال تەتقىقاتلىرىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك تەھدىتلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ھەمدە بىئولوگىيەلىك قورال تەجرىبىخانىلىرىنى يوق قىلىشنىڭ ئۈچ خىل تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: 1) ھەممە جايلاردىكى تەجرىبىخانىلارغا بىرلا ۋاقىتتا تەك تۇتۇش قىلىش؛ 2) بىئولوگىيەلىك قورال قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئەتراپىنى قورشاۋغا ئېلىش؛ 3) چوڭ كۆلەملىك ۋەيرانچىلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن خەتەرلىك ماتېرىياللارنى بىخەتەر ھالدا ئايرىپ چىقىش ۋە يوقىتىش.

### 3. خىتاينىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىلىرىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش

خىتاينى سەرمايە بىلەن قايتا تەمىنلەپ، قانۇنسىز قەرزلەرنى بىكار قىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ مال-مۈلكىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادنى مەركەزلەشتۈرۈش سىياسىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، شۇ ئارقىلىق خىتاي ئىقتىسادىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىش. خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ سىياسەتلىرى ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يوشۇرۇن كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە چەكلىمىگە ئۇچراتقان بولۇپ، ئىقتىسادىي سىستېمىنى ئازاد قىلىش دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ۋە خىتاي ئىقتىسادىنى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشتا ھالقىلىق رول ئوينايدۇ.

### 4. خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى مۈلكىنى توڭلىتىش

ئامېرىكانىڭ كارخانىلىرى ۋە پۇقرالىرىنى خىتايدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئامېرىكانىڭ ھالقىلىق ئىقتىسادىي ئورگانلىرىدىكى خىتاي خادىم ۋە شىركەتلىرىنى تازىلاش كېرەك. ئاپتور دوكلاتىنىڭ بۇ قىسمىدا خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئېلىپ بارغاندا يۈز بېرىدىغان خەتەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىن خىتاينىڭ ئامېرىكادىكى مۈلۈكىنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

### 5. خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى، قوراللىق ساقچى قوشۇنلىرى ۋە خەلق ئەسكەرلىرىنى تارقىتىۋېتىش ۋە قايتىدىن تەشكىللەش

ئاپتور بۇ قىسىمدا خىتاينىڭ يۇقىرىدىكى ھەربىي ۋە ساقچى قوشۇنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە كەسپىيلەشتۈرۈش پىلانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە چوڭ تەبىئىي ئاپەتلەردىن ساقلىنىشتا پايدىلانغۇدەك بىر كىچىكرەك ھەربىي قوشۇننى ساقلاپ، سىياسىي زۇلۇم يۈرگۈزۈش ئۈچۈن قۇرۇلغان قوشۇنلارنى بىكار قىلىشنى تەكلىپ قىلغان. ئاپتور خەلقئارادا تىنچلىقنى ساقلاش ۋە ئالەم بوشلۇقىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا تۆھپە قوشالايدىغان بىر خىتاي ئارمىيەسىنى بەرپا قىلىش غايىسىنى

ئوتتۇرىغا قويغان.

## 6. خىتاينىڭ بىخەتەرلىك ۋە جاسۇسلۇق ئورگانلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش

ئاپتور بۇ قىسىمدا خىتاينىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك مىنىستىرلىقى ۋە يەرلىك بىخەتەرلىك ئىدارىلىرىنى پارچىلاپ بىر تەرەپ قىلىش تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ياۋروپادا يۈز بەرگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، مەخپىي ساقچى تورلىرىنى بىكار قىلىپ، يېڭى ھاكىمىيەتكە ئۆتۈش جەريانىنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ساقچى ھۆججەتلىرىنى خەلق ئاممىسىغا ئېچىۋېتىشنى تەكلىپ قىلغان.

### شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە دېيىلگەن سۆزلەر

مەزكۇر دوكلاتتا «خىتايدىكى ئاپتونوم رايونلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق» دېگەندەك بىرەر بابقا ئورۇن بېرىلمىگەن. ئەمما، خادسون ئىنستىتۇتى دىنىي ئەركىنلىك مەركىزىنىڭ دىرېكتورى نىنا شى (Nina Shea) خانىم شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇر مەسىلىسى ئۈستىدە مەلۇم دەرىجىدە توختالغان بولۇپ، ئۇ تەمىنلىگەن مەزمۇن مەزكۇر دوكلاتنىڭ ئوخشىمىغان يەرلىرىدە ئورۇن ئالغان. ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق:

خىتاي ھاكىمىيىتى ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارىتىلغان جىنايەتلەرنى سادىر قىلدى. بۇنى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارالىق جامائەت ئېتىراپ قىلدى. خىتاي ھۆكۈمىتى چىراي تونۇش ئوخشاش ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىشقا سېلىپ، ئۇيغۇرلار ئۈستىدىن نازارەت ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلدى. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىيەت كىملىكىنى يوقىتىش يولىدا قوللانغان تەدبىرلەرنىڭ بىر قىسمى.

خىتاي ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەر ئېلىنىشى كېرەك:

(1) خەلقئارانىڭ ئارىلىشىشى. شەرقىي تۈركىستانغا خەلقئارا تىنچلىقنى ساقلاش قوشۇنى ۋە كۆزەتكۈچىلىرىنى ئەۋەتىپ، ھۆكۈمەتسىز كۈچلەر پەيدا قىلىش ئېھتىمالى بولغان ئۆچ ئېلىش خارەكتېرلىك زوراۋانلىق ياكى ئېغىر جازالاردىن ئۇيغۇرلارنى قوغداش.

(2) پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ۋە ياراشتۇرۇش. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايى ئىشلىرىنى ھۆججەتلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئىرقىي قىرغىنچىلىق كۆلىمىنى ئېنىقلاپ چىقىش ۋە جىنايەتچىلەرنى جازالاش.

(3) ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش. ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي ۋە مەدەنىي ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىش ھەمدە تىل ۋە ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش.

(4) قايغۇ-ئەلەمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش شارائىتى يارىتىپ بېرىش. مەجبۇرىي ئەمگەككە تۆلەم تۆلىتىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىشقا ياردەملىشىپ، تارىخىي ئادالەتسىزلىكلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش.

(5) ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلغان خىتاي كومپارتىيە ئەمەلدارلىرىغا «خەلقئارا ماگنىتسكى قانۇنى» غا ئوخشاش خەلقئارالىق قانۇنلار بويىچە جازا بېرىپ، ئادالەتكە كاپالەتلىك قىلىش.

(6) بىخەتەرلىك ئاپپاراتلىرىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۇيغۇر دىيارىدا كەڭ كۆلەملىك بىخەتەرلىك تورلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇرلارنى كەڭ دائىرىدە نازارەت قىلىش، جازا لاگېرلىرىنى ماگدۇرۇش ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يوقىتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىن بۇ ئاپپاراتلار پارچىلىنىشى، شۇ ئارقىلىق يەرلىك ھوقۇق توقۇنۇشلىرىنى پەيدا قىلىپ، ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ بىخەتەرلىككە تەھدىت پەيدا قىلىشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا بۇ ئاپپاراتلارنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم.

(7) مىللىي زوراۋانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش. خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت مەۋجۇتلۇقتىن توختايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر-خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى مىللىي سۈركىلىش ئېغىرلىشىپ، ئىرقىي زوراۋانلىق كۈچىيىدۇ. شۇڭلاشقا خەلقئارالىق جامائەتنىڭ ئۇيغۇر

دىيارىغا قاراتقان نازارىتىنى قوللاپ، مىللىي توقۇنۇش، ئىچكى ئۇرۇش ۋە سىياسىي جازالارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىنتايىن مۇھىم.

## چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى قانداق تەييارلىق قىلىش كېرەك؟

ھازىر چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتىنىڭ چېگرا ھالقىغان باستۇرۇشىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى، ئۇيغۇر ئىنسان ھەقلىرى قۇرۇلۇشى، ئۇيغۇر ھەرىكىتى، ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى ۋە ئۇيغۇر ئاكادېمىيەسىگە ئوخشاش تەشكىلاتلار خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى خاتىرىلەپ ھۆججەتلەشتۈرۈش، خىتاينىڭ جىنايەتلىرىنى دۇنياغا پاش قىلىش، ھەمدە خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىن يېتىپ كېلىدىغان يېڭى دەۋرگە تەييارلىق قىلىش يولىدا تىنىمسىز تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆرەش نىشانلىرىنىڭ بىرى، خىتاينى جاۋابكارلىققا تارتىش، ئۇيغۇر كىملىكىنى ساقلاپ قېلىش ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇ ئۇيغۇر دەۋاسىدىكى ياخشى ئەھۋاللارنىڭ مىسالىدۇر.

ھالبۇكى، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ھازىر خىتاينىڭ چېگرا ھالقىغان باستۇرۇشىغا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. دىياسپورادىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئېغىر دەرىجىدىكى بۆلۈنۈش مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇر دەۋاسىدا ئىقتىسادىي مەنبە ئىنتايىن چەكلىك بولۇۋاتىدۇ. خەلقئارا جامائەتنىڭ ئۇيغۇر دەۋاسىنى قوللىشى ناھايىتى ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. ھەتتا خەلقئارادىكى بىر قىسىم كىشىلەر ۋە مۇھىم تەشكىلاتلار خىتاينى قوللاش مەيدانىدا تۇرۇۋاتىدۇ. چەت ئەلدىكى ئۇيغۇرلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى مانا مۇشۇنداق شارائىتتا خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىنكى يېڭى دەۋرگە يۈزلىنىشكە مەجبۇر. ئۇنداقتا بۇ ئىشنى قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەك؟ بىز چەت ئەلدىكى بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلار ۋە ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىش ۋە ئىزدىنىشكە چاقىرىمىز. ئۇيغۇر پىروجېكت فوندى 2026-يىلى 9-ئايدا «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە — 2026» پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلدى. بىز مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چەت ئەلدىكى ئۇيغۇر زىيالىي قېرىنداشلارنى «مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلار خىتاي كومپارتىيە ھاكىمىيىتى ئۆرۈلگەندىن كېيىنكى دەۋرگە قانداق تەييارلىق قىلىشى كېرەك؟» دېگەن تېما ئۈستىدە ھازىردىن باشلاپ ئىزدىنىپ، ماقالە تەييارلاپ، ئۇنى «ئىستانبۇلدا 20 لېكسىيە — 2026» پائالىيىتىگە سۇنۇشقا، ھەمدە ئۇنى ئاشۇ پائالىيەتتە ئۆز قاراشلىرىنى ئورتاقلىششقا چاقىرىمىز.

پايدىلىنىش ماتېرىيالى:

China after Communism: Preparing for a Post-CCP China

https://s3.us-east-1.amazonaws.com/media.hudson.org/China+after+Communism+-+Preparing+for+a+Post-CCP+China.pdf




# ئىسرائىلىيە - ئىران ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ تەسىرى

مىراندا جېيارىتنام

# ئىسرائىلىيە ـ ئىران ئۇرۇشى ۋە ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ تەسىرى

مىراندا جېبارىتنام

دونالد ترامپنىڭ ھەم ئۆزگىرىشچان، ھەم بۇيرۇقۋاز لېدىرلىق ئۇسلۇبى بېيجىڭ ئۈچۈن ھەم بىر توسالغۇ، ھەم بىر پۇرسەت بولۇشى مۇمكىن.

بۇ جەھەتتە ئوتتۇرا شەرقتە مەيدانغا كەلگەن يېقىنقى ۋەقەلەر بۇنىڭ ئەڭ ياخشى مىسالى بولالايدۇ. ئىسرائىلىيە بىلەن ئىران ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ھەپتىدەك داۋام قىلغان ئۆز ئارا ھاۋا ھۇجۇمىنىڭ ئارقىسىدىن، پرېزىدېنت دونالد ترامپ ئىراننىڭ ئۈچ يادرو بازىسىنى ئامېرىكانىڭ بومباردىمان قىلىشىغا رۇخسەت قىلىدىغان، تالاش ـ تارتىش قوزغايدىغان بىر قارار چىقاردى ۋە ئامېرىكانىڭ ئوتتۇرا شەرقتە يېڭى بىر ئۇرۇشقا كىرىپ قېلىش خەتىرىگە قەدەم باستى. بۇ قاراردىن پەقەت ئىككى كۈن ئۆتەر ئۆتمەيلا ترامپ ئۆزىنىڭ ئىسرائىلىيە بىلەن ئىران ئارىسىدا ئۇرۇشنى توختىتىشتا ۋاستىچىلىك قىلغانلىقىنى جاكارلىدى. ھالبۇكى، بۇ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى بىكار بولۇپ كېتىشكە تاس قېلىۋاتاتتى. ئاقىۋەتتە ترامپ ھەر ئىككى دۆلەتكە ھاقارەتلىك تىل ئىشلىتىپ، ئىسرائىلىيەنى بومباردىماننى توختىتىش ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ كېلىشىم كۈچكە ئىگە بولغاندەك ۋەزىيەت شەكىللەندى.

## ئامېرىكا ئۆز ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى يەنە ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، ئەمما خىتاي ئۆز ئېنېرگىيە بىخەتەرلىكىنى دۆلەتلەرنىڭ قىلىپ تۇرۇۋالدى

ترامپ بۇ ئۇرۇش توختىسا باشقا دۆلەتلەرگىمۇ پايدىلىق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق سۆز قىلىپ، ئۇرۇش توختىتىش ئىشىنى ماختىدى. ترامپ سەيشەنبە كۈنى «Truth Social» ھېساباتىدا «خىتاي ئەمدىدىن باشلاپ ئىراندىن نېفت سېتىۋېلىشنى داۋام قىلسا بولىدۇ. خىتاينىڭ ئامېرىكادىنمۇ مول مىقداردا نېفت

سېتىۋېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇنى روياپقا چىقىرىش مەن ئۈچۈن چوڭ شەرەپ ھېسابلىنىدۇ» دەپ يازدى. بۇ ئۇرۇشقا ئامېرىكا ئارىلاشقاندىن كېيىن، ئىران نۇرغۇن دۆلەتلەرگە ئائىت نېفىتنىڭ كېلىش يولى بولغان ھورمۇز بوغۇزىنى تاقىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان بولۇپ، ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى مارك رۇبىيو «FOX NEWS» تا قىلغان سۆزىدە، خىتايغا ئىراننىڭ بۇ بوغۇزنى تاقىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىرانغا نەسىھەت قىلىشىنى ئېيتقانلىقىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ترامپ يۇقىرىقى جۈملىلەرنى ئۆز ھېسابىدا تارقاتقان.

خىتاي سەئۇدىي ئەرەبىستان باشچىلىقىدىكى ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرىدىن ئىمپورت قىلىدۇ، ھورمۇز بوغۇزىدىن خام نېفىتقا تايىنىدۇ، ئامېرىكا جازا يۈرگۈزگەن ئىران نېفىتىنىڭمۇ ئەڭ چوڭ خېرىدارى ھېسابلىنىدۇ.

ئامېرىكا ئىسرائىلىيەگە ياردەم بەرگەندەك، خىتاي ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستى بولغان ئىرانغا ھەربىي ياردەم بېرىدىغانلىقى توغرۇلۇق بىرەر ئىشارەتمۇ بەرمىدى. يېقىنقى يىللاردا ئۆزىنى دۇنياۋىي ياراشتۇرغۇچى قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتقان خىتاي ئىران ـ ئىسرائىلىيە ئارىسىدىكى جىددىيلىكنىڭ پەسكويغا چۈشۈشى ئۈچۈن چاقىرىق قىلدى. ئىسرائىلىيەنىڭ ئىرانغا قىلغان ھۇجۇمىنى ئاغزاكى رەۋىشتە ئەيىبلىدى ۋە ئامېرىكانى بۇ مەسىلىگە ئارىلاشماسلىققا چاقىردى. ئاقىۋەتتە بولسا، خىتاينىڭ ئارىنى ياراشتۇرۇش تەكلىپى قوبۇل قىلىنمىدى. بۇنىڭ ئورنىغا، ترامپنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا، تارامپتەك كۈچلۈك ئادەمنىڭ خىزمىتى نەتىجىسىدە ئىران ـ ئىسرائىلىيە دۈشمەنلىكى ھازىرچە توختىدى.

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «ۋاقىت ژۇرنىلى»غا ئېيتىشىچە، پەقەتلا ئامېرىكانىڭ بۇ ئۇرۇشنى توختىتالايدىغانلىقى ھېچكىمنى ھەيران قالدۇرمايتتى، ھەتتا خىتاينىمۇ ھەم شۇنداق.

گوللاندىيە گرونىگېن ئۇنىۋېرسىتېتى خەلقئارالىق مۇناسىۋەت ئىلمى دوستېنتى ۋىلىيام فىگۇارا (William Figueroa) مۇنداق دەيدۇ: «ئامېرىكا ھەقىقىي رەۋىشتە بېسىم قىلسا ئىسرائىلىيەنىڭ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى ئىمزالىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. چۈنكى، ئىسرائىلىيە ئامېرىكادىن توختاۋسىز رەۋىشتە قورال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە ئەسكىرىي تېخنولوگىيە قوبۇل قىلماي تۇرۇپ، ئىراندا ياكى غەززىدە ھەر قانداق بىر ئۇرۇشنى داۋام قىلالمايدۇ.»

خىتايغا كەلسەك، خىتاي ئىسرائىلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ قېلىش بىلەن بىرگە، يىللاردىن بېرى ئوتتۇرا شەرقتىكى مەبلەغ سېلىشىنى تېزلەتكەن بولسىمۇ، بىراق خىتاينىڭ مەيلى ئىسرائىلىيەدە ياكى ئىراندا ئامېرىكاغا ئوخشاش ئىقتىسادىي ياكى سىياسىي بېسىم كۈچى يوق.

سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى لىن جىڭ ۋاقىت ژۇرنىلىمىزغا مۇنداق دېدى: «ئىران خىتاينى ئىقتىسادىي شېرىك سۈپىتىدە كۆرۈشتىن بەكراق، بىخەتەرلىك ھەمكارچى ئورنىدا كۆرىدۇ.»

خىتاي يەنە ئىسرائىلىيەنىڭ غەززىنى بومباردىمان قىلىشىنى ۋە ئىرانغا بومبا ھۇجۇمى قىلىشىنى كۈچلۈك رەۋىشتە تەنقىد قىلدى. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشىمۇ ئىسرائىلىيەنىڭ خىتاينى ئارىنى ياراشتۇرغۇچى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىش مۇمكىنچىلىكىگە زىت ئىدى. فىگۇارا خىتاينىڭ مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلىدىغان رەۋىشتە كۆرۈنگىنىنى، بۇ ئۇرۇشقا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن ئامېرىكانى ئىسرائىلىيە ئۈستىدىكى تەسىرىنى قوللىنىشقا زورلىغانلىقىنى ئېيتتى.

مۇتەخەسسىسلەر يەنە خىتاينىڭ بۇ ئۇرۇشتىن ۋە ئۇرۇشنىڭ توختىشىغا سەۋەب بولغان ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىدىن ساۋاق ئالىدىغانلىقىنى، ئامېرىكاغا بولغان «ئامېرىكا ئالدىن پەرەز قىلغىلى بولمايدىغان بىر كۈچ» دېگەن قارىشىنى كۈچلەندۈرىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

ئامېرىكانىڭ «ئەركىن، ئوچۇق ۋە بىخەتەر ھىندى ـ ئاتلانتىك رايونى» قۇرۇپ چىقىشى ئۈچۈن رۇبىيو ئالدىمىزدىكى ھەپتە ئاۋستىرالىيە، ھىندىستان ۋە ياپونىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ. بۇ ھال ئامېرىكانىڭ خىتايدىن كېلىدىغان تەھدىتلەرگە قارشى تۇرۇش يولىغا قايتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئىش تاشلاش ھادىسىلىرى خىتاينىڭ ئامېرىكاغا بولغان تۇراقسىز كۆز قارىشىنى كۈچەيتتى. فېگۇارا «ئامېرىكانىڭ ئىسرائىلىيەنى قوللىشى خىتاينىڭ ئەرەپ دۆلەتلىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىشىنى، شۇنداقلا رايونلۇق مۇقىمسىزلىقلارنى ئامېرىكا بىلەن ئىسرائىلىيەدىن كۆرۈش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ.

سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىنستىتۇتى تەتقىقاتچىسى لىن جىڭ مۇنداق قارايدۇ: «خىتاينىڭ ئىسرائىلىيە ـ ئىران ئۇرۇشىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى — ئۇنىڭ ئامېرىكا بىلەن روبىرو كېلىپ قېلىشتىن قېچىش يولىنى تۇتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. خىتاي ئىسرائىلىيەگە نىسبەتەن

ئالاھىدا نوپۇزغا ئىگە دۆلەتلەرنى ئۇرۇش ئوتىنى ئۇلغايتماسلىققا چاقىرغاندا ئامېرىكانىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالمىدى. بىراق، ئامېرىكانىڭ مەسىلىگە ئەسكىرىي جەھەتتىن قول تىقىشتىن يانمايدىغانلىقىنى كۆرگەن خىتاي ئۆزىنىڭ تاشقى سىياسەت ئۇسلۇبىغا قايتىدىن قاراپ چىقىشى مۇمكىن. خىتاينىڭ قايتا قاراپ چىقىشى كېرەك بولغان تاشقى سىياسەت ئۇسلۇبىدا تەيۋەن مەسىلىسمۇ مەجۇت.»

ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ خەلقئارالىق مۇناسىۋەت دەرسى بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىسى مۇھەممەد ئەلسۇدارى (Mohammed Alsudairi) مۇنداق دېدى: «ئامېرىكانىڭ سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيىلىك كۈچى يەنىلا چەكلىك، (بارچە دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا) ئامېرىكىمۇ ھەممىنى قىلىشقا قادىر ئەمەس. ئامېرىكا ئۆزى پەيدا قىلمىغان ساسلىققا ئۆزى پېتىپ قېلىشى مۇمكىن.»

تەتقىقاتچىلاردىن بىرى مۇنداق دېدى: «خىتاي ئامېرىكانىڭ مۇشۇنداق بىر قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىشىنى خالايدۇ. چۈنكى، بۇنداق بولغاندا ئامېرىكانىڭ دىققەت - ئېتىبارى خىتاي دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرگەن غەربىي تىنىچ ئوكيانغا قايتىپ كېلەلمەي، غەربىي ئاسىيا بىلەن بولۇپ كېتىدۇ.»

### تەيۋەن توغرىسىدىكى ئېنىقسىزلىق

يېقىنقى يىللاردا تەيۋەن توغرىسىدىكى جىددىيلىك ئېشىپ بېرىشقا باشلىدى. خىتاي تەيۋەننى خىتاينىڭ زېمىنى دەپ قاراپ، تەيۋەننىڭ خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ (جۇملىدىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ) قولىغا ئۆتۈشى ئۈچۈن (تەيۋەنگە قارىتىلغان) سىياسىي ۋە ھەربىي بېسىمنى ئاشۇرماقتا. ئامېرىكانى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەر تەيۋەننى مۇستەقىل دۆلەت دەپ تونىمايدۇ. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئامېرىكا خىتاينىڭ تەيۋەننى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن كۈچ ئىشلىتىشىگە قارشى چىقىپ، تەيۋەننىڭ ئۆزىنى قوغدىشى ئۈچۈن ئەسكىرىي ئەسلىھەلەر ۋە قورال - ياراقلارنى تەمىنلەيدۇ.

تەيۋەن مۇداپىئە مىنىستىرى ۋېلىڭتون كۇ (Wellington Koo) تەيۋەننىڭ ئۆزىنى قوغداش ئىرادىسىنىڭ قەتئىي ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. خىتاي ئامېرىكا پارلامېنت ئەزالىرىنى ۋېلىڭتون كۇ بىلەن ئوچۇق رەۋىشتە ئۇچرىشىشىدىن كېيىنكى 24 سائەت ئىچىدە تەيۋەن بوغۇزىغا 46 ئايروپىلانى ئەۋەتىپ تېرە تاراقشتقان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى باياناتچىسى گو جياكۇن «ئۇلار نېمە دېيىشىدىن، نېمە

قىلىشىدىن قەتئىيىنەزەر تەيۋەننىڭ خىتاينىڭ بىر پارچىسى ئىكەنلىكىدەك ھەقىقەتنى ھەرگىز ئۆزگەرتەلمەيدۇ» دېگەن.

سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ئىنىستىتۇتى تەتقىقاتچىسى چې دوڭتاۋنىڭ ئېيتىشىچە، ترامپنىڭ خىتايغا بولغان مۇئامىلىسى، خىتاي تەيۋەنگە ھۇجۇم قىلسا ئامېرىكانىڭ بۇ جەھەتتە ئەسكىرىي ھەرىكەت قوللىنىدىغان قوللانمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشنى تەسلەشتۈرۈۋەتكەن. چې دوڭتاۋ «جوۋ بايدىن ئامېرىكانى ئىستراتېگىيىلىك نائېنىقلىقتىن ئىستراتېگىيىلىك ئېنىقلىققا ئېلىپ كەلگەن ئىدى» دېدى. بايدىن ئۆتكەن يىلى ۋاقىت ژۇرنىلى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىدە، ناۋادا خىتاي تەيۋەننى ئىشغال قىلىشقا يەڭ شىمايلىسا، ئامېرىكانىڭ تەيۋەننى قوغداش ئۈچۈن ھەربىي كۈچ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. ھالبۇكى، ترامپ ئامېرىكانىڭ مەيدانىنى تەكرار نائېنىقلىققا ئېلىپ كەلدى.

چې دوڭتاۋ يەنە مۇنداق دېدى:«ترامپقا نىسبەتەن خىتاي پەقەتلا بىر ئىقتىسادىي تەھدىت. ترامپ خىتاي بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى خالىمايدۇ.»

## دۇنيا خىتاينى بىخەتەرلىك تەھدىدى دەپ قارايدۇ

ناتو باش سېكرتارى مارك رۇتى (Mark Rutte) دۈشەنبە كۈنىدىكى باياناتىدا، ناتونىڭ ھىندى - تىنىچ ئوكيان رايونىدىكى ھەمكارچىلىرى بولغان ياپونىيە ۋە جەنۇبىي كورىيە خىتاينىڭ زور دەرىجىدىكى ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىدىن بەك ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، خىتاي مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا ئائىت بىر نەچچە شىركەتنىڭ دۇنيا مىقياسىدا ئالدىنقى قاتاردىكى قورال - ياراق ئىشلەپچىقارغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتى. رۇتى يەنە خىتاينىڭ ھەربىي كېڭەيمىچىلىكىنىڭ ياۋروپا ئۈچۈنمۇ تەھدىت ھېسابلىنىدىغانلىقى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. رۇتى خىتاي تەيۋەنگە بىرەر ھەرىكەت قوزغىسا، ياۋروپا ئەللىرىنى مەشغۇل قىلىش ئۈچۈن رۇسىيەنى (ئۇكرائىنا ئۇرۇشى ئارقىلىق) ئالدىغا چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى قەيت قىلدى.

رۇتىنىڭ ئېيتقانلىرىدىن شۇنى كۆرىۋالايمىزكى، خىتاي ياۋروپا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن شاپاشلاۋاتقان تۇرۇقلۇقمۇ، غەرب يەنىلا خىتاينى گېئوپولىتىكىلىق تەھدىت دەپ قارايدۇ.

ختاي مۇداپىئە مىنىستىرلىقى باياناتچىسى، پولكوۋنىك جاڭ شياۋگاڭ مۇنداق دېدى: «بىز ناتونىڭ ختاينى باھانە قىلىپ ئاسىيا - تىنىچ ئوكيان رايونىغا قاراپ سىلجىشىغا قاتتىق قارشى تۇرىمىز. بىز ناتونىڭ ئۆز ئىش - ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىشىنى، يولىنى توغرىلىشىنى، دۇنيا بىخەتەرلىكى ۋە تىنىچلىقى ئۈچۈن كۆپراق خىزمەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.»

سىنگاپور دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا شەرق ئىنىستىتۇتى تەتقىقاتچىسى لىن جىڭنىڭ ۋاقىت ژۇرنىلىمىزغا بىلدۈرۈشىچە، ختاي بىتەرەپ ئويۇنچى رولىنى ئېلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بىراق، ئامېرىكا يەنىلا ئوتتۇرا شەرقتىكى ئەڭ تەسىرچان كۈچ. ختاي بولسا ئوتتۇرا شەرقكە ئىقتىسادىي ۋە دىپلوماتىك جەھەتتە ئاياق بېسىشتا تېخى يېڭىياچى ھېسابلىنىدۇ.

لىن جىڭنىڭ قارىشىچە، ختاينىڭ ئوتتۇرا شەرق دۆلەتلىرى بىلەن بىر قاتار دىپلوماتىك مۇناسىۋەتلىرى بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئوتتۇرا شەرقتە پەقەتلا بىر ئىقتىسادىي كۈچ دەپ قارىلىدۇ. باشقا دۆلەتلەر ئۈچۈنمۇ دەل شۇنداق. ختاي باشقا دۆلەتلەرگە نىسبەتەنمۇ بىر ئىقتىسادىي كۈچ. ئەمما باشقا دۆلەتلەرمۇ دىپلوماتىك جەھەتتە ختايغا بەك ئىجابىي نۇقتىدىن قارىمايدۇ.

ياۋروپا ئىتتىپاقى تاشقى سىياسەت مۇدىرى كاجا كالاس مۇنداق دېدى: «ختاينىڭ ئەڭ چوڭ سودا شېرىكىمىز ئىكەنلىكى ئېنىق. ئەمما، ختاي رۇسىيەنىڭ ئۇكرائىنا ئۇرۇشىنى قىلىشىدىكى ئاساسلىق قوللىغۇچىسى. ختاي يەنە تور ھۇجۇمىنىمۇ قولدىن بەرمەيدۇ، دېموكراتىيىمىزگە تۇمشۇق تىقىدۇ، سودىدا مەجبۇرلىغۇچى كۈچ ئىشلىتىدۇ. بۇ ھال بىزنىڭ ختاي بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇشىمىزنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بارغانچە قىيىنلاشتۇرماقتا.»

ختاينىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ بۇرۇنقىدەك ياخشى ئەمەس. ياۋروپا ئىتتىپاقى بۇ ئاي ختاي بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بىر يىغىننى ئارىدىكى ئىقتىسادىي نىزالار سەۋەبلىك بىكار قىلىۋەتتى.

ختاي ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارالىق تەرتىپنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە «BRICS» نامىدا خەلقئارالىق ھەمكارلىق تەشكىلاتى قۇرغان بولسىمۇ، بىراق بۇ تەشكىلات خەلقئارادا يېتەرلىك ئىناۋەت تىكلىيەلمىدى. ختاي رايونلۇق رەھبەرگە ئايلىنىش ئىستىكىدىكى يەنە بىر ئۇرۇنۇشىدا، ھىندىستان شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى سۇنغان باياناتقا ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى.

**ئىسرائىلىيە ـ ئىران توقۇنۇشى ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ قارشى مەيدانىنى ئەكس ئەتتۈردىغان سەھنە**

خىتاينىڭ داۋام قىلىپ كەلگەن ئارىلاشماسلىق سىياستى دۇنيانىڭ ئۆتكەن ھەپتە ئامېرىكادىن كۆرگەنلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولدى. ئىران ـ ئىسرائىلىيە توقۇنۇشى ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئۇستۇنلۈك تالىشىش تىركىشىشىنى كۆرسىتىدىغان سەھنە بولدى. ئامېرىكا (ئىسرائىلىيەگە توختاۋسىز ياردەم بېرىش، ئىراننى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق) ئۆز ئىتتىپاقدىشىغا بولغان ۋەدىسى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئامېرىكا تەھدىت ۋە قورال ئىشلەتتى. خىتاي بولسا گەپ قىلىش بىلەن كۇپايىلەندى. لىن جىڭ مۇنداق دەيدۇ: «خىتاينىڭ نىشانى مۇقىملىق. خىتاي دۇنيا ساقچىسى بولۇشنى ئارزۇلىمايدۇ، ھېچقانداق دۆلەتنىڭ بۇ رولنى ئۇستىگە ئالالىشىغا ئىشەنمەيدۇ.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://time.com/7298254/china-us-diplomacy-military-intervention-taiwan-israel-iran-war-ceasefire/



# M62 پروگراممىسى ۋە ئۇيغۇرلار

گۈلشەن ئابدۇقادىر

# M62 پروگراممىسى ۋە ئۇيغۇرلار

گۈلشەن ئابدۇقادىر (سەھەر)

5-ئىيۇل ئۇرۇمچى قىرغىنچىلىقىنىڭ 16-يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن تورونتودىكى خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتىكى ئادەم سانىمىزنىڭ ئازلىقى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇراتتى. بۇنداق بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەپلەرنىڭ بىرى، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ۋەتەنگە بېرىپ كەلگەنلىكى ۋە ۋەتەنگە بېرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت بولسا، يەنە بىرى M62 پروگراممىسى ئارقىلىق تورونتوغا كەلگەن قېرىنداشلىرىمىزنىڭمۇ نامايىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانلىقى بولدى. خىتاي ئەلچىخانىسىدىن ۋەتەنگە بېرىش ۋىزىسى ئېلىشتىكى ئالدىنقى شەرت خىتايغا قارشى نامايىشلارغا قاتناشمىغان ياكى قاتناشقان بولسىمۇ، خاتالىقىنى تونۇپ ۋەدىنامە يېزىش شەرت قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، بىر قىسىم ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نامايىشلارغا كېلەلمەيۋاتقانلىقى بىر رېئاللىق. ئەمما بۇنىڭغا قوشۇلۇپ كانادانىڭ 10 مىڭ ئۇيغۇرنى ئېلىپ كېلىپ يەرلەشتۈرۈش پروگراممىسى بولغان M62 ئارقىلىق كاناداغا كەلگەن ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ بۇ نامايىشقا كېلەلمىگەنلىكى كىشىنى تولىمۇ ئويغا سالىدۇ. ئەجەبا M62 پروگراممىسى ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە پروگراممىسى بولۇپ قالارمۇ؟

رەئىد سۈرىسى 11-ئايەتتە ئاللاھ تائالا: «ھەرقانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ» دەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، بىر مىللەت ئۆز ھال ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمىگۈچە، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ، دېگەن بۇ ئايەت بىر ئىنساننىڭ ۋە بىر مىللەتنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىدىغان كۈچىنى ۋە ياكى يولىنى ئۆز-ئۆزىدىن ئىزدىشى كېرەكلىكىنى خاتىرىلىتىدۇ. تېخىمۇ چوڭقۇرلىغان ھالدا مۇلاھىزە قىلساق، بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ياكى يوق بولۇپ كېتىشى پەقەت شۇ مىللەتنىڭ

قارشىلىق كۆرسىتىشى، كوچىلارغا تۆكۈلۈپ نامايىش قىلىشى بىلەن، ئەركىنلىك يولىدا قانچىلىك دەرىجىدە كۈرەش قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېگەنلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

كۆپ كىشىلىرىمىز بىلگىنىدەك، نامايىش ۋىجدانىنىڭ كوچىلارغا تۆكۈلىشى بولۇپ، ئەگەر نۆۋەتتە بىز ۋىجدانىمىزنى كوچىلارغا تۆكەلمەيدىكەنمىز، بىز دىنىمىزدىنمۇ ھېچنېمە ئۆگەنمىگەن، دىنىمىزمۇ بىزگە ھېچنېمە ئۆگەتمىگەن بولىدۇ. ۋىجدان كوچىلارغا تۆكۈلەلمىگەندە زوراۋانغا قارشى  قەھرىمانلار بويۇن قىسىپ قالغان، زالىملارنىڭ زالىملىقىغا يوللار داغدام ئېچىلغان بولىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇيغۇرلۇق مەجبۇرىتىمىزدىن ئېغىز ئاچماي تۇرغان تەقدىردىمۇ، دىندارلىقىمىزنى تارازىغا سېلىپ باقساق بولىدۇ.

ئەگەر ئۇيغۇرلار كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ M62 پروگراممىسىنى ئېشكەم كۆۋرۈكتىن ئۆتتۈۋالغۇچە پروگراممىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىكەن، ئۇ ھالدا بىز ئۇيغۇرلار ئەخلاقىمىزنى يوقىتىپ قويغان، ئىنسانىلىقىمىزنى ۋە ۋىجدانىمىزنى يوقۇتۇپ قويغان بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قالغان بولىمىز.

دىنى ئۆلىمالار نامىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تۈركىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كانادا قاتارلىق خىرىستىيان دۆۋلەتلىرىگە كېتىشىنى دىنىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ شەپىسى دەپ ئەنسىرەۋاتىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئەسلى دىندىن ئايرىلىپ قېلىش زۇلۇمغا قارشى تۇرىدىغان ئەخلاقىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئىنسانىلىقىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش، بىلىش ۋە ھىس قىلىشتىن ئىبارەت ئەقلىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىش، كوچىلارغا تۆكۈلەلمەسلىك بىلەن ۋىجدانىمىزدىن ئايرىلىپ قېلىشتۇر.

ئەگەر بىز بىر مىللەت سۈپىتىدە يوق بولۇپ كېتىش گىرداۋىغا كېلىپ قالغان بولساق، بۇ خىتاي قىرغىنچىلىقىدىن ئەمەس بەلكى مىللىد ۋە دىنى ئەخلاقىمىزنى، ۋىجدانىمىزنى، ئىنسانىلىقىمىزنى يوقۇتۇپ قويغانلىغىمىزدىن بولغان بولىدۇ. چۈنكى، بىر مىللەت ياتلارنىڭ بويسۇندۇرۇشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىچىدىن يىمىرىلىش بىلەن يوقىلىدۇ.

ماھىيەت جەھەتتە M62 پروگراممىسى كانادا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بەرگەن بىر ئېسىل سوغىسى بولۇپلا قالماي، ئالدى بىلەن ئۇ خىتاي قىرغىنچىلىقىغا ئۇچراۋاتقان خەلقىمىزنىڭ، جازا لاگېرلىرىدا ئىڭراۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قانلىرى ۋە جانلىرى بەدىلىگە مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەن بىر ئۈممەت سوغىسى، قايتا تىرىلىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇش سوغىسى. شۇڭا كانادا يولغا قويغان M62 پروگراممىسى ھەرگىزمۇ ئېشكەم كۆۋرۈكتىن ئۆتكىچە پروگراممىسى بولۇپ قالماسلىغى لازىم. سىز ئېلىۋاتقان سۈت پۇلى، سىز ئېلىۋاتقان ھەرقانداق ماددىد ۋە مەنىۋىي پاراۋانلىق، بىر تىيىن ھەق تۆلىمەيدىغان بىكارلىق داۋالىنىشلارنىڭ ھەممىسىگە خىتاي تۈرمىلىرىدە، جازا لاگېرلىرىدا ئازاپ

چىكىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئېغىر بەدەللىرى يوغۇرلۇپ كەتكەن. ناماىيش مەيدانلىرىغا تۆكۈلۈپ خەلقىمىزنىڭ ئاۋازى بولۇش دىنىي، ئەخلاقىي، ۋىجدانىي ۋە ئىنسانىي بۇرچىمىز. سىز بەھىرلىنىۋاتقان M62 پروگراممىسى يەنە بىر جەھەتتىن كانادادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ناماىيش ئارقىلىق ئاۋازىنى كانادا پارلامېنتىغىچە يەتكۈزەلىگەنلىكىنىڭ مېۋىسى. شۇڭا قولنى قولغا تۇتۇشۇپ، ئاۋازىمىزغا تېخىمۇ نۇرغۇن ئاۋازلارنى قوشۇپ، كانادا كوچىلىرىغا تۆكۈلۈپ، ياقا يىرتىپ نىدا قىلىپ، ئۇيغۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق قانۇن ۋە پروگراممىلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.



# ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى — ئۈرۈمچى قەتلىئامى

سان لى

# ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۇرۇلۇش نۇقتىسى — ئۈرۈمچى قەتلىئامى

سان لى

2009 ـ يىلى، 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىنىڭ كوچىلىرى دۆلەت زۇلۇمىنىڭ سەھنىسىگە ئايلاندى. گۇۋاڭدۇڭنىڭ شاۋگۇەن ناھىيىسىدە خىتايلار تەرىپىدىن ناھەق ئۆلتۈرۈلگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئادالەت تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە، 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن تىنىچ نامايىش — يېقىنقى خىتاي تارىخىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق ۋەقەلەردىن بىرى بولغان «ئۈرۈمچى قەتلىئامى»غا ئايلاندى. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇرلار ئۇيۇشتۇرغان نامايىشقا قاراتقان ئىنكاسى پەقەتلا بىر باستۇرۇشتىن ئىبارەت ئەمەس ئىدى. ئۈرۈمچى قەتلىئامى — خىتاينىڭ مىللىي ئايرىمىچىلىقنىڭمۇ نېرىسىغا ئۆتۈپ، خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى نىشان قىلغان، ھەقىقىي رەۋىشتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە ئۆتۈشىدىكى بىر ئىشارەت، پىلانلىق بىر بۇرۇلۇش ئىدى.

ئۈرۈمچى قەتلىئامىنىڭ پسىخولوگىيىلىك تەسىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كۈنىمىزگە قەدەر داۋام قىلغان كۈچلۈك قورقۇنچ ۋە ئىشەنچسىزلىك تۇيغۇسى ياراتتى. بۇ قىرغىنچىلىقتا ھاياتتا قالغانلار ۋە ئۆلارنىڭ ئائىلىسى توختاۋسىز كۆزىتىش ئاستىدا ياشىدى. كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي سۆھبەتلىرى ۋەياكى دىنىي ئىبادەتلىرىمۇ شۈبھىگە، ھەتتا جازاغا ئۇچراشقا سەۋەب بولدى. خىتاي دۆلىتى ياراتقان قورقۇنچ ئاتموسفېراسى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى خالىغانچە تۇتۇپ ـ سولاش قىلمىشى سەۋەبلىك تېخىمۇ كۈچەيدى. مىڭلارچە كىشى ھېچبىر قانۇنىي باسقۇچلاردىن ئۆتمەي تۇرۇپلا ئاتالمىش تەربىيىلەش مەركەزلىرىدە يوق بولۇپ كەتتى. روھىي ئازاب — ھۆكۈمەتنىڭ قەتلىئام ئىزلىرىنى سىستېمىلىق رەۋىشتە يوق قىلىۋېتىش تىرىشچانلىقى بىلەن تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. ئوچۇق رەۋىشتە ماتەم تۇتۇش چەكلەندى. توردىكى مۇناسىۋەتلىك تالاش ـ تارتىشلار ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلدى. جاسارىتىنى يىغىپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقانلار جازالاندى.

بۇ ئازاب نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار ئۈچۈن شەخسىي ئازاب ئەمەس، بەلكى بۇ ھەممە ئۇيغۇر ئۈچۈن ئومۇمىي ئازابتۇر. ئۈرۈمچى ئىرقىي قىرغىنچىلىقى — قىرغىنچىلىق سۈپىتىدە قوبۇلمۇ قىلىنمىغان، خاتىرىلىنىشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمىغان ساقايماس يارىدۇر. ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقى مانا مۇشۇ شەكىلدە ھەم بىر تارىخىي ۋەقە، ھەم مەۋجۇت رېئاللىق ھالىتىگە كەلدى. بىر مىللەتنىڭ كىملىكىنى ۋە كۈندىلىك ھاياتىنى شەكىللەندۈردى. دۆلەت مەجبۇرلىغان جىمجىتلىق — بۇ قەتلىئامنىڭ قالدۇرغان مىراسىنىڭ پەقەت زېھىندىلا ئەمەس، شەرقىي تۈركىستاندا داۋاملىشىپ كەلگەن باستۇرۇش ئاستىدا داۋاملىششىنى روياپقا چىقارغان زوراۋانلىق شەكلىدۇر.

خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى بايانى «تېرورلۇققا قارشى كۈرەش»كە مەركەزلەشكەن. خىتاي ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداق نامايىشنى دۆلەت بىخەتەرلىكى ئۈچۈن تەھدىت دەپ قارىدى. ئەمما، خىتاينىڭ بۇ ھەقتىكى بايانى ئۇيغۇرلارغا قارشى قاتتىق قوللارچە ھەربىي باستۇرۇشنى پەردازلاش ئۈچۈن قوللىنىلغان باياندىن باشقا نەرسە ئەمەس. نەق مەيدانغا ئۆز كۆزى بىلەن شاھىت بولغان گۇۋاھچىلارنىڭ گۇۋاھلىقى — ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ ئۈرۈمچىدە قەتلىئام يۈرگۈزۈشتىن ئىلگىرى خەلق مەيدانىدا ئالدىن ئورۇنلاشقانلىقىنى، نامايىشچىلارنىڭ كېلىشى بىلەن ساقچىلار ۋە ھەربىيلەرنىڭ زوراۋانلىقنى باشلىغانلىقىنى ۋە ئەھۋالنى قەستەن ئېغىرلاشتۇرغانلىقىنى بىلدۈرمەكتە.

ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىكى ھەقىقىي ئەھۋاللار (خەلقئارا جەمئىيەت ئۈچۈن) ھازىرغىچە نائېنىقلىق ھالىتىدە تۇرماقتا. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بايانىغا ئاساسلانغاندا، بۇ ۋەقەدە 170 كىشى ئۆلۈپ، 1700 كىشى يارىلانغان. ئەمما، كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى خىتاي ئوتتۇرىغا تاشلىغان بۇ ساننىڭ ئەسلىدىكىدىن كۆپ دەرىجىدە ئاز ئىكەنلىكى ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ. 5-ئىيۇل ئاخشىمىدىكى بىر يېرىم سائەتلىك توك توختاش پەيتىدە خىتاي ساقچى ۋە ئەسكەرلىرى كوچىلاردا ئۇيغۇرلارغا قارا-قويۇق ئوق چىقارغان بولۇپ، بەزى تەخمىنلەرگە ئاساسلاندا، مۇشۇ سەۋەبلىكلا مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر — خىتاي ساقچى-ئەسكەرلىرىنىڭ ئوقىدا ئۆلۈپ كەتكەن. توكنىڭ توختاپ قېلىشى پەقەتلا ئېلېكتىر ئېقىمىنىڭ توك سىملىرىغا ئۇلىنىشالماي قېلىشى ئەمەس، بەلكى بېيجىڭنىڭ ئىستراتېگىيىسىنىڭ سىمۋولىدۇر. خىتاي بۇ ھەقتىكى ئۈچۈرلارنى يوق قىلىش، ۋەزىيەت ھەققىدىكى سۆز ۋە چۈشەنچىلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، شۇنداقلا دۆلەت تېرورى سەۋەبلىك ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى يوق قىلىپ تاشلاپ، نەق مەيدانىنى پاكىزلاش ئۈچۈن توكنى توختىتىۋەتكەن.

ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى بىر يەككە ۋەقە ئەمەس، بەلكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسىدۇر. بۇ ۋەقە خىتاينىڭ ئۇيچە تۇتقۇن قىلىشى، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشى، مېڭە يۇيۇش كامپىلىرىنى قۇرۇشى، شۇنداقلا مەدەنىي ۋە دىنىي مىراسلارنىڭ يوق قىلىنىشى يولى ئارقىلىق ئۇيغۇر كىملىكىنى يوق قىلىشقا قارىتىلغان سىستېمىلىق

ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىشىغا ئىشارەت قىلىدۇ. ئۈرۈمچى قىرغىنچىلىقى يۈز بەرگەن كۈندىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستان — بۇ ديار خەلقىنىڭ ھاياتىنىڭ ھەممىلا تەرىپى نازارەت قىلىنىدىغان، ئۇيغۇرلارنى كونترول قىلىش ۋە باستۇرۇش ئۈچۈن تېخنولوگىيە قورال سۈپىتىدە قوللىنىلىدىغان، دۇنيا مىقياسىدا ئەڭ كۈچلۈك نازارەت ئاستىدا قالغان رايون ھالىتىگە كەلدى.

ئون بەش يىلدىن كېيىنمۇ دۇنيانىڭ ئىنكاسى يەنىلا ئىلىمان. ئامېرىكا، ياۋروپا ۋە تۈرلۈك كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇش يولىدىكى قىلمىشلىرىنى ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ئاساسەن كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە كۆرۈنگىنى يوق. خىتاينىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تەۋسىيەلىرىنى رەت قىلىشى ۋە تەنقىدلەرنى «سىياسىي كۈشكۈرتۈش» دەپ ئەيىبلەشلىرى — ئىقتىسادىي مەنپەئەت ئۈچۈن كىشىلىك ھوقۇقنى بىر بۇلۇڭغا ئىتتىرىپ قويغان بۈگۈنكى دۇنياۋىي سىستېمىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىدۇ. خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قەتئىيلىك بىلەن ھەرىكەتكە ئۆتمەسلىكى، خىتاينى ئۆز زۇلۇم سىياسىتىنى قورقماستىن داۋام قىلىشقا جاسارەتلەندۈردى.

ئۈرۈمچى قەتلىئامىنى قورقۇنچلۇقلاشتۇرغان نەرسە پەقەتلا دۆلەت زوراۋانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زامانىۋىي دۇنيادىكى رەقەملىك ھاكىممۇتلەقلىكنىڭ بىر نەمۇنىسى بولغانلىقىدۇر. ئۈرۈمچى قەتلىئامىدىن كېيىن يۈز تونۇش تېخنولوگىيىسى، ئىنتېرنېتنى ئۈزۈۋېتىش، ئۆكتىلگەن ساقچى ماشىنا ئادەملىرى قاتارلىق كۆزىتىش، تەقىبلەش ئۇل-مۇئەسسەلىرى رايوندا تېز سۈرئەتتە يېيىلدى ۋە باشقا ھاكىممۇتلەق رېجىملار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىشقا ئېرىشىلىپ، تەقلىت قىلىندى. ئۈرۈمچى — خىتاينىڭ يۇقىرى تېخنولوگىيەگە تايانغان باستۇرۇش مودېلىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان بىر تەجرىبىخانىغا ئايلاندى. شۇنداقلا، بىر دۆلەتنىڭ ئۆزىگە قارشى كۈچ دەپ قارالغان تەرەپنى تېخنولوگىيە ئارقىلىق قانداق باستۇرالايدىغانلىقىنى، ئاز سانلىقلارنىڭ مەدەنىيىتىنى قانداق يوق قىلالايدىغانلىقىنى ۋە قورال كۈچى ئارقىلىق «مۇقىملىق»نى قانداق روياپقا چىقىرىدىغانلىقىنى خەلقئالەمگە كۆرسىتىپ قويدى.

خىتاينىڭ 5-ئىيۇلدىكى زوراۋانلىقى پەقەتلا بىر باشلانغۇچ ئىدى. خىتاي دۆلىتى شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر كۈلتۈرىنى يوقىتىش نىشانى قىلدى. ئۇيغۇر تىلىنى چەكلەپ، مەسجىدلەرنى چاقتى. ئائىلىلەرنى پارچىلىۋەتتى. خىتاي دۆلىتىنىڭ مەقسىتى پەقەتلا كونترول قىلىش ئەمەس، يوق قىلىش ئىدى. نۆۋەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ دىيارىدا يۈز بېرىۋاتقىنى — ياخشى گۇمان قىلغاندا، دىققىتى باشقا تەرەپكە بۇرۇلۇپ كەتكەن دۇنيانىڭ، يامان گۇمان قىلغاندا خىتاينىڭ جىنايىتىگە شېرىك بولىۋاتقان دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا — تەدرىجىي ھالدا داۋام قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقتۇر.


ئۇرۇمچى قەتلىئامى پەقەت ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈنلا بىر ماتەم ئەمەس، دۇنيا ئۈچۈنمۇ بىر ئاگاھلاندۇرۇشتۇر. ئۇرۇمچى قەتلىئامى — بىر دۆلەتنىڭ قورقۇنچ سېلىش، تېخنولوگىيە ۋە تەتۈر تەشۋىقات قاتارلىقلارنى قورال سۈپىتىدە قوللىنىپ تۇرۇپ بىر يەرلىك نامايىشنى ئېتنىك تازىلاشنىڭ باھانىسىغا ئايلاندۇرىشىنىڭ تىپىك ئۆرنىكىدۇر. ئۇرۇمچىنىڭ مىراسى پەقەتلا كەينىدە قالدۇرۇپ قويغان مازارلار ئەمەس، تېخنولوگىيىدىن پايدىلىنىپ باستۇرۇشنىڭ دۇنياۋىي رەۋىشتە نورماللىشىشى؛ شۇنداقلا خەلقئاراغا ھېساب بېرىش مەۋجۇت بولمىغاندا، زۇلۇم كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بېرىپ، ئارقىدىنلا زۇلۇم قىلغۇچى ئۆز زۇلمىدىن تېنىۋالغىلى بولىدىغانلىقى كۆرسىتىدىغان، تەننى شۈركەندۈرىدىغان بىر دەرستۇر.

دۇنيا يۈرەكنى ئېزىدىغان مۇنۇ رېئاللىققا يۈزلىنىشى لازىم:

ئۇرۇمچى قەتلىئامى پىلانسىز يۈز بېرىپ قالغان بىر پاجىئە ئەمەس، پىلانلانغان جىنايەتتۇر. ئەگەر خەلقئارا جەمئىيەت ھەرىكەتكە ئۆتۈش ئىرادىسىنى ئوتتۇرىغا قويمىسا، بۇ قەتلىئام ئاياقلاشمايدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://eng.mizzima.com/2025/07/05/24100



# ئېلون ماسكنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى سىياسىي مەيدانى

برۇنا خولۋاس

# ئېلون ماسكنىڭ دۇنيا مىقياسىدىكى سىياسىي مەيدانى

ئامېرىكىلىق دۇنياغا مەشھۇر مىلياردېر ئېلون ماسكنىڭ دۆلەت ئارقا كۆرۈنۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ جەنۇبىي ئافرىقىدا تۇغۇلغان ۋە شۇ يەردە چوڭ بولغان، كېيىن كانادا پۇقرالىقىغا ئىگە بولغان بولۇپ، 2002-يىلى ئامېرىكا پۇقرالىقىغا ئۆتكەن.

ئېلون ماسك كۆچمەنلىك دولقۇنىنى ئازايتىش ۋە سودا دۇنياسىغا قارىتىلغان پىرىنسىپلارغا چەكلىمە قويۇش مەقسىتىدە دۇنيا مىقياسىدا 18 دۆلەتتە ئوڭچى سىياسىي ھەرىكەتلەرنى، ئوڭچىلارنىڭ سىياسەتلىرىنى ۋە ئوڭچى ھۆكۈمەتلەرنى قوللىدى. ئېلون ماسك يېقىندا ئامېرىكا ھۆكۈمىتىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى، گېرمانىيەدە تەسىرىنى كۈچەيتتى. شۇنداقلا باشقا دۆلەتلەردىمۇ ئۆز تەسىرىنى بارغانچە ئاشۇرماقتا.

ئېلون ماسك برازىلىيە ۋە ئېرلاندىيەدىكى ئوڭ قانات نامايىشلارنى قوللايدىغان تور يوللانمىلىرىنى يوللىدى. يېڭى زېلاندىيەنىڭ ئەنئەنىچى يېڭى باش مىنىستىرىنى تەبرىكلىدى. گوللاندىيەدىكى ئوڭ قانات مىللەتچى سىياسىئونلاردىن بىرى بىلەن بىردەكلىككە كەلگىنىنى ئاشكارىلىدى. ئارگېنتىنا ۋە ئىتالىيەنىڭ ئوڭچى لېدىرلىرى بىلەن بىر نەچچە قېتىم يۈز كۆرۈشتى. تۈركىيە ۋە ھىندىستاننىڭ ئوڭچى رەھبەرلىرىنىڭ «X» تە ئۆز دۆلىتىگە مۇناسىۋەتلىك يوللانمىلارنىڭ ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈلۈشى تەلىپىگە ماقۇل بولدى. ئىتالىيەلىك سىياسەت پروفېسورى «ماسك — ۋاستىچى سۇپىتىدە مۇھىم رول ئوينىيالايدۇ» دېدى.

ماسك ئارگېنتىنا، برازىلىيە، كانادا، سالۋادور، گېرمانىيە، ۋېنگىرىيە، ھىندىستان، ئېرلاندىيە، ئىسرائىلىيە، ئىتالىيە، گوللاندىيە، يېڭى زېلاندىيە، رۇمىنىيە، جەنۇبىي ئافرىقا، تۈركىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، ۋېنسۇئېلا قاتارلىق دۆلەتلەردە ئوڭچى رەھبەرلەرنىڭ سايلام ۋە مۇناسىۋەتلىك ئىشلىرىدا ئۇلارنى قوللىدى.

سىياسىي ھوقۇققا ئىگە بولماي تۇرۇپ، سىياسەتچىلەرگە سۆزىنى ئاڭلىتالايدىغان ۋە سىياسەتكە قول تىقالايدىغان مىلياردېر ئېلون ماسك، خەلقئارالىق رادىكال ئوڭچى ھەرىكەتلەر تەتقىقاتچىسى سايانىينىڭ دېيىشىچە «سىياسەتنىڭ ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتمەكتە.»

ئېلون ماسك ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا، دۇنيانىڭ نەرىدىكى قانداق دۆلەت بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ دۆلەتتىكى مىللەتچىلىكنى قوللايدۇ. يورك ئۇنىۋېرسىتېتى تەتقىقاتچىسى رادرىگو كامپوس (Rodrigo Campos) ئېلون ماسك ھەققىدە «ماسك ئۆزىنى رادىكال ئوڭچىلارنىڭ دۇنياۋىي باياناتچىسى سۈپىتىدە بازارغا سېلىشتا غەلىبىلىك ئىلگىرىلىمەكتە» دېگەن.

ئېلون ماسكنىڭ ئوڭچى سىياسەتچى ياكى رەھبەرلەرنى قوللاش شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ئۇ بەزى سىياسەتچىلەرنى ئۆزىنىڭ «X» سۇپىسىدا ئوچۇق-ئاشكارە قوللايدۇ، بەزىلىرى بىلەن يۈزمۇ يۈز كۆرۈشۈپ بۇ كۆرۈشۈشنى تەشۋىق قىلىدۇ، بەزىلىرىگە ئۆز سۇپىسىغا يوللانغان مەزمۇنلارنى تور سۈزگۈچىدىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ياردەم بېرىدۇ. ئېلون ماسك دۇنيانىڭ ئەڭ چوڭ بېيى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇلتۇر دونالد ترامپنى 290 ئامېرىكا دوللىرى بىلەن قوللىغان بولسىمۇ، ئەمما باشقا دۆلەتلەردىكى لىدىرلارنى نەق پۇل بىلەن قوللاپ باقمىدى. ئەڭ كەمدە، ئۇنىڭ باشقا لىدىرلارنى نەق پۇل بىلەن قوللىشى جامائەتچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدا ئوچۇق - ئاشكارە زاھىر بولۇپ باقمىدى.

ئوڭچى سىياسەتچىلەر ۋە سىياسىي ھەرىكەتلەر 217 مىليون ئابونتى بولغان «X» سۇپىسىنىڭ بۇ خوجايىنىنىڭ قوللىشىدىن مەنپەئەتلەنمەكتە. ماسك ئۇكرائىنا پرېزىدېنتى زېلېنىسكى، ۋېنگرىيە پرېزىدېنتى ۋىكتور ئوربان قاتارلىق نۇرغۇنلىغان لىدىرلارنىڭ ترامپ بىلەن كۆرۈشىشىدە ترامپنىڭ يېنىدا بولدى. ماسك يەنە ئاق سارايىنىڭ ھۆكۈمەت ئىش ئۈنۈمى بۆلۈمىنىڭ باشلىقىقى ۋەزىپىسى بىلەن ھىندىستان باش مىنىستىرى مودى بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر دۆلەتنىڭ رەھبىرى ئورنىدا رەسىمگە چۈشتى.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى گىرىس مۇرفىي (Chris Murphy) ئۆزىنىڭ «X» سۇپىسىدا مۇنداق يازدى: «ئېلون ماسك ئۈنۈملۈك ھالدا ئامېرىكانىڭ دۆلەت سېكرېتارىدەك رول ئويناماقتا. ئۇ چەتئەل دۆلەتلىرىنىڭ لىدىرلىرى بىلەن ئامېرىكالىقلارغا پايدا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزىنى باي قىلىش ئۈچۈن كۆرۈشمەكتە.»

ئېلون ماسكنىڭ سىياسەتكە قول تىقىش يۈرۈشى ھېچقانداق توسالغۇسىز، قارشىلىق ۋە تەنقىدسىز يۈرۈش ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئالدىنقى يىلى فرانسىيە پرېزىدېنتى ئېمانۇئېل ماكرون ماسكنى «يېڭىدىن پەيدا بولغان خەلقئارالىق قالاقلىق ھەرىكىتىگە تەشۋىق قىلدى» دەپ ئەيىپلىسە، بەزى دۆلەتنىڭ سىياسەتچىلىرى ئۇنى ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئۇيغۇنسىز رەۋىشتە ئارىلاشتى، دەپ ئەيىپلىدى. ھالبۇكى، ماكرون ماسكنىڭ خەلقئارالىق تەسىرىنى ئەسلىدىكىدىن كىچىك مۆلچەرلەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

بەزى پېشقەدەم تەتقىقاتچىلار ئېلون ماسك ھەققىدە توختىلىپ «ئېلون ماسكنىڭ قىلغىنىدەك ئەركىن خىزمەت ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان» دېيىشتى.

ماسك يەنە ئۆز تىجارىتىنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن چەتئەل رەھبەرلىرى بىلەن كۆپلەپ كۆرۈشۈپ تۇرىدۇ. 2015-يىلى تېسلا زاۋۇتىدا ھىندىستان باش مىنىستىرى مودىنى كۈتىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ باتارىيە تېخنولوگىيىسى ھەققىدە سۆھبەتلىششى بۇ ھەقتىكى ئۆرنەكلەردىن بىرى.

ماسك يەنە ئۆتكەن يىللاردا نورۋېگىيە ۋە كانادا رەھبەرلىرىنىڭ چىشىغا تېگىدىغان يوللانمىلارنىمۇ يوللىغان. 2022-يىلى بولسا ئۇكرائىنا رۇسىيەنىڭ تېخىمۇ بەك ئىشغالىدا قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن رۇسىيە تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىنغان تۇپراقلىرىدىن ۋاز كېچىشى كېرەكلىكىنى تەشەببۇس قىلىش ئارقىلىق، نۇرغۇنلىغان ئۇكرائىنالىقلارنى غەزەپلەندۈرگەن. 2023-يىلىغا كەلگەندە بولسا ماسكنىڭ سىياسىي يوللانمىلىرى تېخىمۇ چىگىغا چىقتى. ئۇ ياۋروپادىكى نوپۇس ئەھۋالىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تىلغا ئالدى، ياۋروپاغا كېلىۋاتقان چەتئەللىكلەر ھەققىدە توختىلىپ «بۇ ھالەت ئىچكى ئۇرۇشنىڭ خەۋەرچىسى» دېدى. ياۋروپادىكى خەلقئارالىق يىغىنلاردىن بىرىدە ئىتالىيەلىك سىياسەتچىلەرگە «سىلەر ئىتالىيە مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ئىتالىيەلىك ئىشلەپچىقىرىڭلار» دېدى.


ئېلون ماسك پەقەت ياۋروپاغىلا كىرىشىپ قالغان ئەمەس. ئۇنىڭ دىققەت - ئېتىبارى ۋە قوللاشلىرى ئالتە قىتئەگە، 18 دۆلەتكە يېيىلغان. ئۇ يەنە جەنۇبىي ئافرىقىنىڭمۇ رادىكال ئوڭچى سىياسىتىنى قوللايدۇ.

ئېلون ماسك تېسلا ماشىنىلىرى ئەڭ كۆپ سېتىلىدىغان خىتاينى تەنقىدلىمەي سۈكۈتنى تاللىغان بولۇپ، ئۇ ئالدىنقى يىللاردا خىتاي رەھبىرى شى جىنپىڭ ۋە باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشكەن.

ماسك سىياسەتچىلەر ھەققىدە كۆپ پىكىر بايان قىلىدىغان، سىياسەتكە قول تىقىدىغان بىر مىلياردىر بولسىمۇ، تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ بىرەر سىياسىي نىشانىنىڭ (يەنى سىياسىي ھوقۇق تۇتۇش ئارزۇسىنىڭ) يوقلۇقىنى بايان قىلىشتى.

ئۆتكۈر ئالماس ئىنگلىزچىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلدى

https://www.nbcnews.com/tech/elon-musk/elon-musk-boosting-far-right-politics-globe-rcna189505


كۆڭۈل ۋەتەن
The
ILLUSION
of
CHOICE
Bestselling
author of
The
ICE
TORY
تاللاش تەسەۋۋۇرى دېگەن نېمە؟
Richa
hotton
ئارلىن كۈنچىچ

## تاللاش تەسەۋۋۇرى دېگەن نېمە؟

ئارلىن كۇنچىچ (Arlin Cuncic)

كلىنىكىلىق پسىخولوگىيە كەسپىدە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن

تاللاشتىكى تەسەۋۋۇر ھېسسىي جەھەتتىكى بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ، كىشىلەرنى ھېسسىي جەھەتتە ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى كونترول قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشتۇر. بۇنداق كونترول قىلىش ھېسسىياتى كىشىلەردە تېخىمۇ بەخت ۋە ئەركىنلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە يالغان ئۈمىد تۇيغۇسى پەيدا قىلىپ، ئۇلاردا ئۆزلىرى كونترول قىلالمايدىغان ئىشلارغا نىسبەتەن ئەيىب-قۇسۇر ئىزدەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

تاللاش تەسەۋۋۇرى ھەمىشە ئېلان ۋە سېتىشتا ئىستېمالچىلارغا ئۆزلىرىنىڭ سېتىۋېلىش قارارىنى ئۆزى كونترول قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، تاللاش تەسەۋۋۇرى ئەمەلىيەتتە يالغان كونترول قىلىش تۇيغۇسى بولۇپ، ئىككىلەمچى قارار چىقىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### ئومۇمىي چۈشەنچە

تاللاش تەسەۋۋۇرى كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ تاللاش دائىرىسى كەڭ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تاللاشلار چەكلىك ياكى ئالدىن بېكىتىلگەن. بۇ خىل ئىشەنچ كىشىلەردە يالغان

كونترول قىلىش تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن. ئۇ بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە مۇستەقىل ھېس قىلدۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى مونوپول قىلىپ، تاللاشنى ئوتتۇرىغا قويغۇچىلارغا نەپ يەتكۈزىدۇ. تاللاشلار ھەمىشە كىشىلەرنى قارارىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يوشۇرۇن ئامىللارنى ھېس قىلماي تۇرۇپ، كونكرېت تاللاشقا يېتەكلەيدىغان شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

### تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ تارىخى

تاللاش تەسەۋۋۇرى بىر قەدەر يېڭى ئۇقۇم بولۇپ، ئۇنى ئەڭ دەسلەپ ئامېرىكالىق پەيلاسوپ ۋە پسىخولوگ ۋىلىيام جېيمس (William James) 1896-يىلىدىكى «ئىشىنىش ئىرادىسى» ناملىق ماقالىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان. جېيمس ماقالىسىدە تاللاشنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە بولىدىغانلىقى ياكى ئۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا «مۇكەممەل لوگىكىلىق قالايمىقانچىلىقنى ئاساس قىلغان ھەر بىر مۇشكۈل ئەھۋالنىڭ تاللاناسلىق مۇمكىنچىلىكىنىڭ بولمايدىغانلىقىنى، ھەممىسى بىر خىل مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى تاللاش» ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

تاللاش تەسەۋۋۇرى كېيىنچە پسىخولوگىيە ساھەسىدىمۇ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان. 2000-يىلى نەشر قىلىنغان بىر ماقالىدە، پسىخولوگ شىنا ئىيېنگار (Sheena Iyengar) ۋە مارك لېپىر (Mark Lepper) كىشىلەرنىڭ تاللاش پۇرسىتى ئازراق بولغاندا ئاندىن مەھسۇلات سېتىۋالىدىغانلىقىنى بايقىغان.

بۇنىڭدىن سىرت، تەتقىقاتچىلار يەنە كىشىلەرگە بېرىلگەن تاللاش پۇرسىتى ئازراق بولغاندىلا سېتىۋالغان مەھسۇلاتىدىن تېخىمۇ رازى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. بۇ بايقاش «تاللاشنىڭ زىددىيىتى» دەپ ئاتالغان.

### تاللاش تەسەۋۋۇرى قارار چىقىرىشقا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ

تاللاش تەسەۋۋۇرى كىشىلەرنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھېس قىلدۇرالىغان بىلەن، قارار چىقىرىشتا دائىم مەسىلە پەيدا قىلىدۇ. تۆۋەندە تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ قارار چىقىرىشىڭىزدا قانداق مەسىلە پەيدا قىلىۋاتقانلىقىنىڭ بىر قانچە ئامىللىرى ئۈستىدە توختىلىمىز:

* ئۆزىڭىزنى مۇكەممەل قارار چىقىرىشىڭىز كېرەكتەك ھېس قىلىسىز.

* سىز قانداقلا قارار چىقىرىشىڭىزدىن قەتئىي نەزەر ئازابلىنىسىز، ئۇ مەيلى چوڭ ياكى كىچىك قارار بولسۇن بەربىر ئوخشاش.

* ئۆزىڭىزنى چەكسىز تاللاش پۇرسىتىڭىز باردەك ھېس قىلىسىز.

* تاللىشىڭىز تۈپەيلىدىن پالەچ بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىسىز.

* قارارىڭىزدىن دائىم گۇمانلىنىسىز.

**تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ تۈرلىرى**

تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاساسلىق ئىككى خىل شەكلى بار:

(1) كونتروللۇقتىكى يالغان تۇيغۇ

كونترول قىلىشتىكى يالغان تۇيغۇ — كىشىلەرنىڭ ئۆز تۇرمۇشىغا نىسبەتەن ئەمەلىيەتتىكىدىنمۇ كۆپرەك كونترول قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل يالغان تۇيغۇ كىشىلەرنىڭ ئىككىلەمچى قارار چىقىرىشىغا، يەنى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى تاللاپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن.

(2) تاللاشتىكى زىددىيەتلەر

تاللاشتىكى زىددىيەتلەر — كىشىلەر بەك كۆپ تاللاشلارغا دۇچ كەلگەنلىكتىن، هامان ئۆزىنىڭ قارارىدىن رازى بولماسلىقنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئومۇمەن كىشىلەر تاللاشلارغا كۆمۈۋېتىلگەندە هەمدە تاللاش دائىرىسىنى كىچىكلىتەلمىگەندە يۈز بېرىدۇ.

## تاللاش كونترول قىلىش تەسەۋۋۇرىغا ئېلىپ كېلەمدۇ؟

ئىلگىرىكى بەزى دەلىللەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، كىشىلەر تاللاشقا ئىگە بولغاندىلا «توغرا» تاللاش ئارقىلىق كونترول قىلالايدىغاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ (گەرچە هەر بىر تاللاشنىڭ نەتىجىسى ئوخشاش بولسىمۇ). قانداقلا بولمىسۇن، بەزى تەتقىقاتچىلار كىشىلەرنىڭ تاللاش هەققىدىكى ئىلگىرىكى توغرا بولمىغان تونۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشىنىڭ ئورنىغا، كىشىلەر تاللاشقا ئىگە بولغاندا كونترول قىلىش تەسەۋۋۇرىنى پەيدا قىلمايدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلىشىدۇ.

## تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشى

تاللاش تەسەۋۋۇرى هەمىشە ئېلان ۋە سېتىشتا قوللىنىلىپ، كىشىلەردە خۇددى سېتىۋېلىش ياكى سېتىۋالماسلىق قارارىنى ئۆزى كونترول قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. ئوخشاشلا بۇ خىل چارىلەر سىياسىي سايلاملاردىمۇ قوللىنىلىدۇ، خۇددى سايلىغۇچىلارنىڭ كىمگە بېلەت تاشلىشى ئۆز ئىختىيارلىقىدىكى ئىشتەك، ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنچ پەيدا قىلدۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تاللاش تەسەۋۋۇرى يالغان كونترول تۇيغۇسى بولۇپ، تولۇق بولمىغان ئۇچۇرلارغا ئاساسەن قارار چىقىرىشقا يېتەكلەيدۇ.

نېتفلىكس (Netflix) نىڭ هۆججەتلىك فىلمى «بۈيۈك خاككېرلىق» (The Great Hack) بۇنىڭ داڭلىق مىسالى. فىلمدە سانلىق مەلۇمات شىركىتى كەمبرىج ئانالىتىكا (Cambridge Analytica) نىڭ 2016-يىللىق ئامېرىكا پرېزىدېنت سايلىمىدا تاللاش تەسەۋۋۇرىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنىڭ كۆز قارىشىنى قانداق مونوپول قىلغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن.

پۇتكۇل فىلىمدە، كەمبرىج ئانالىتىكانىڭ فېيسبوك ئابونتلىرىنىڭ ئارخىپىدىن ئېرىشكەن سانلىق مەلۇماتلاردىن قانداق پايدىلانغانلىقى، بۇ كىشىلەرنىڭ قىزىقىشى، ئەندىشىسى ۋە خاھىشىغا ئاساسەن ئېلان ـ تەشۋىقاتلارنى ئىشلەش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ سىياسى كاندىداتلارغا بولغان كۆز قارىشىنى بۇرمىلىغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن.

## ھەقسىز سىناق بىلەن تەمىنلەيدىغان شىركەتلەر

تاللاش تەسەۋۋۇرى كىشىلەرنىڭ قارار چىقىرىشىنى مونوپول قىلىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، مۇبادا بىر شىركەت ھەقسىز سىناپ ئىشلىتىپ بېقىش بىلەن تەمىنلىگەن بولسا، خېرىدارلار ئابونتلۇقنى سىناپ ئىشلىتىش مەزگىلىدە بىكار قىلمىغان بولسا، ئاپتوماتىك ھالدا مۇلازىمەتكە تىزىملاتقان بولىدۇ.

خېرىدارلار بەلكىم ئۆزلىرىنىڭ ئابونت بولۇش قارارىنى ئۆزلىرى كونترول قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشى مۇمكىن، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاشۇ شىركەتلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ.

## تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ تەسرى

تاللاش تەسەۋۋۇرى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تېخىمۇ بولمىغۇر قارارلارنى چىقىرىشقا تۈرتكە بولۇشى، ھەمدە كىشىلەرگە بېسىم ۋە ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

تاللاش تەسەۋۋۇرى كىشىلەرنىڭ قارار چىقىرىشىنى مونوپول قىلىپ، ئۆزلىرى خالىمىغان نەرسىلەرنى تاللاپ قېلىشىغا سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، بەزى شىركەتلەر ئېلخەت يوللاش ئارقىلىق سېتىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، كىشىلەرنى مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشقا مەجبۇرلىشى مۇمكىن. «ۋاقىتلىق ئېتىبار» ياكى ۋاقىتنى تەتۈر ساناش پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەردە تەخىرسىزلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشى مۇمكىن.

بۇ ئىستېمالچىلارنىڭ ئۆزى ئېھتىياجلىق بولمىغان بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشى ياكى ئۇزۇنراق ۋاقىت سەرپ قىلىپ قارار چىقىرىشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

**تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ مىسالى**

تاللاش تەسەۋۋۇرىنىڭ بەزى مىساللىرىنى كۆرۈپ باقايلى:

<u>ئارىسالدىلىق</u>

تاللاش تەسەۋۋۇرى پسىخىدىكى ئارىسالدىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئارىسالدى بولۇش چۈشەنچىسىنى تۇنجى بولۇپ بېتسون (Bateson) 1956 ـ يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ زىددىيەتلىك ئۇچۇرلارنى تاپشۇرۇۋالغان چاغدىكى ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر سىزگە «ئۆزىڭىزنى ئەركىنرەك تۇتۇڭ» دېيىشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، مۇبادا سىز ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ ئەركىنرەك تۇتۇشنى تاللىسىڭىز، بۇ پەقەت بۇيرۇققا ئەمەل قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈندۇر، ھەرگىزمۇ ھەقىقىي مەنىدىكى ئەركىنرەك بولۇش ئەمەس. ئارىسالدى بولۇش تاللاش تەسەۋۋۇرىنى پەيدا قىلىدۇ. چۈنكى سىز قانداقلا قارار چىقارماڭ، خاتا قارار چىقارغاندەك ھېس قىلىسىز.

<u>خاتا ئىككىلىنىش</u>

تاللاش تەسەۋۋۇرى يەنە ساختا ئىككىلەمچى ياكى خاتا ئىككىلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. ساختا ئىككىلەمچى دېگەنلىك، بەزىلەر ئىككى خىللا تاللىشىڭىز بار ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسا، ئەمەلىيەتتە يەنە باشقا تاللاش مۇمكىنچىلىكى بار بولىدۇ. مەسىلەن، ھەممەيلەنگە تونۇش بولغان «يا بىزنى قوللاڭ، ياكى قارشى تۇرۇڭ» دېگەن ئۇزۇندىگە ئوخشاش. بۇنداق تاللاش تەسەۋۋۇرىنى پەيدا قىلغاندا، ھەقىقەتەنمۇ شۇ ئىككى خىللا تاللاش باردەك ھېس قىلىسىز. ئەمەلىيەتتە يەنە نۇرغۇن تاللاشلار بولىدۇ.

### تاللاش تەسەۋۋۇرى بىلەن كاپىتالىزم

تاللاش تەسەۋۋۇرى بەزىدە كارخانا ۋە شىركەتلەر تەرىپىدىن ئىستېمالچىلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئىشلىتىلىدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈمدە، كارخانا ۋە شىركەتلەر پايدا-مەنپەتنى قوغلاشقاچقا، پايدىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-ئاماللارنى قوللىنىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە تاللاش تەسەۋۋۇرىنى پەيدا قىلىپ، كىشىلەرنى مەھسۇلات سېتىۋېلىش قارارىنى ئۆزى كونترول قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشەندۈرىدۇ.

تاللاش تەسەۋۋۇرى كىشىلەرنىڭ ھازىرقى ھالىتىگە جەڭ ئېلان قىلىشى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۆزىنىڭ تاللاش ئىمكانىيىتى بارلىقىغا ئىشەنسە، ئۇنداقتا ئۇلار بۇ تاللاشلار بىلەن تەمىنلىگەن سىستېمىدىن گۇمانلانمايدۇ. بۇ ساختا ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا يەنە ئىشچىلار سىنىپىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ھاكىمىيەت سىنىپىغا نەپ يەتكۈزىدۇ.

### تاللاش تەسەۋۋۇرىنى باشقۇرۇشتىكى ئۇسۇللار

ئەگەر سىز تۇرمۇشىڭىزدىكى تاللاشلار تۈپەيلىدىن قانداق قىلىشىڭىزنى بىلەلمەي قالسىڭىز، تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى سىناپ بېقىڭ:

1. نىشانىڭىزنى ئايدىڭلاشتۇرۇڭ. بۇنداق قىلسىڭىز تاللاش دائىرىڭىز كىچىكلەيدۇ ھەمدە نېمىنىڭ ئەڭ پايدىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئاسانلا قارار چىقىرالايسىز.

2. تاللاشلىرىڭىزنى ئاددىيلاشتۇرۇڭ. بۇنداق قىلسىڭىز تاللاشلاردىن كېلىپ چىقىدىغان بېسىمنى يېنىكلىتەلەيسىز.

3. ياخشى ۋە ناچار تەرەپلەرنى تىزىملاڭ. بۇنداق قىلسىڭىز تاللىشىڭىزغا تېخىمۇ توغرا باھا بېرىشكە ۋە تېخىمۇ توغرا قارار چىقىرىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

4. باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. بۇنداق قىلسىڭىز تاللىشىڭىزغا باشقا تەرەپتىن نەزەر سېلىپ، تېخىمۇ ئەتراپلىق قارار چىقىرىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

5. ئۆز سەزگۈڭىزگە ئىشىنىڭ. بۇنداق قىلىش بەزىدە پايدىلىق بولۇپ، ئەڭ ياخشى قارار ئۆزىڭىز توغرا دەپ قارىغان قارار بولۇشى مۇمكىن.

6. بىر تەرەپلىمىلىك قىلماڭ. قارار چىقارغاندا ئۆزىڭىزنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ۋە خاھىشىنى سەزگەندە پايدىسىز قارار چىقىرىشتىن ساقلىنالايسىز.

7. ئالدىراپ قارار چىقارماڭ. قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن ۋاقىت ئاجرىتىپ بارلىق تاللاشلىرىڭىزنى ئەستايىدىل ئويلاشقاندا، ئالدىراپ قارار چىقىرىپ كېيىن پۇشايمان قىلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

8. خەتەرنى مۆلچەرلەڭ. تاللىشىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك يوشۇرۇن خەتەر ۋە خىراجەتلەردىن تولۇق خەۋەردار بولۇڭ.

## قارار چىقىرىش ئىستراتېگىيىسىنىڭ پىسخىكىسى

خۇلاسە

تاللاش تەسەۋۋۇرى ناھايىتى كۈچلۈك قورال بولۇپ، باشقىلارنىڭ ئىدىيىسىنى مونوپول قىلىش ۋە كونترول قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ. قارار چىقارغاندا ئۆزىڭىزنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكى ۋە خاھىشىڭىزنى بىلىشىڭىز، شۇنداقلا ۋاقىت چىقىرىپ ھەممە ئېھتىماللىقلارنى ۋە تاللاشلىرىڭىزنى ئويلىششىڭىز كېرەك.

تاللىشىڭىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك يوشۇرۇن خەتەر ۋە خىراجەتلەردىن خەۋەردار بولۇڭ. ئاخىرقى قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى كۆپ تەرەپىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. ئاخىرىدا، ئۆز ھېسسىياتىڭىز ۋە سەزگۈڭىزگە ئىشىنىڭ. ئەگەر يەنىلا قارار چىقىرىشتا قىيىنچىلىققا يولۇقسىڭىز، پسىخلوگلاردىن مەسلىھەت سورىسىڭىز ياردىمى بولۇشى مۇمكىن.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.verywellmind.com/what-is-the-illusion-of-choice-5224973

خەلقئارا ۋەزىيەت




# ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى خىتايدىن جاسۇس خىزمەتكە ئېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا

## ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى خىتايدىن جاسۇس خىزمەتكە ئېلىش ئۈچۈن تىرىشماقتا

(بۇ خەۋەر 2025-يىلى، 2-ئايدا ئېلان قىلىنغان)

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى خىتايدىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىش تىرىشچانلىقلىرىنى كۈچەيتىپ، ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششنى خالايدىغان ھۆكۈمەت خادىملىرىغا خىتاب قىلىدىغان ئىككى ۋىدىيونى خىتايچە ئىشلەپ تارقاتتى.

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خىتاي ھۆكۈمەت خادىملىرىنى ئۆزى بىلەن ھەمكارلىششقا تەشۋىق قىلىپ ئىشلىگەن مەزكۇر ئىككى ۋىدىيوسى بۇ ئىدارىنىڭ يۇتيۇب ۋە «X» ھېسابىدا تارقىتىلدى. ۋىدىيودىكى كۆرۈنۈش توقۇلما كۆرۈنۈش بولۇپ، ۋىدىيودا كۆرۈنگەن ئىككى ئەرنىڭ بىرى خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى، يەنە بىرى تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى مەخپىي ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئۇلار خىزمەتداشلىرىنىڭ ۋە دوستلىرىنىڭ يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى خىتاي تىلىدا ئېيتىدۇ.

«مېنىڭ چوقۇم بىر چېكىنىش پىلانىم بولۇشى كېرەك» دەيدۇ ۋىدىيودىكى باش رولچىدىن بىرى. ھەر ئىككى ۋىدىيونىڭ ئاخىرىدا رولچىلار ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەلىماتلىرىنى خىتايچە كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، قاراڭغۇ تور ئارقىلىق ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشىدۇ.

رولچىلاردىن يەنە بىرى «ئورتاق تىرىشچانلىقلىرىمىزنىڭ ئەمگەك مېۋىسى ئاز ساندىكى يۇقىرى ھوقۇق تۇتقان كىشىلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، بۇنداق بولغاندىكىن ئۆز يولۇمنى ئۆزۈم بەلگىلىشىم لازىم» دەيدۇ.

* * *

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئەمەلدارلىرىدىن بىرى «ABC» ئاگېنتلىقىغا قىلغان سۆزىدە، ئۆزلىرىنىڭ خىزمەتچى قوبۇل قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ باشلىقى جون رەتكلىف (John Ratcliffe) ۋىدىيو ھەققىدە توختىلىپ، ۋىدىيودا كۆرسىتىلگىنى مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ خىتاي ئىشپىيونلۇق ئىستراتېگىيىسىدىكى بىر ئىجادىي قەدەم ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالدى.

رەتكلىف مۇنداق دېدى: «دۆلىتىمىز تارىخىدا بىزنىڭ ھېچقانداق رەقىبىمىز خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيىسىدىنمۇ بەك تاقابىل تۇرۇش قىيىن ياكى ئۇنىڭدىنمۇ بەك يۇقىرى دەرىجىلىك ئىستراتېگىيىلىك رىقابەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان.»

ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى رۇسىيەدىمۇ ئوخشاش ئۇسۇل قوللانغان بولۇپ، مەزكۇر ئىدارىنىڭ رۇس تىلىدا تارقاتقان ۋىدىيوسىدا، ۋىدىيودىكى رولچىلار ئاقىۋەتتە ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسى ئۈچۈن جاسۇسلۇق قىلىشنى قارار قىلىدۇ.

«ABC» ئاگېنتلىقىنىڭ بايانىچە، رەتكلىف ئۆزلىرىنىڭ رۇس تىلىدا تارقاتقان جاسۇس قوبۇل قىلىش ۋىدىيوسىدىن كېيىن ئىجابىي نەتىجىلەرگە ئېرىشكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە تىرىشچانلىقىنى داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. بىراق، رۇسىيە بىلەن بولغان ئالاقە سەۋەبلىك بۇ جەھەتتىكى جاسۇسلۇق خىزمىتىدە قانداق ئىلگىرىلەشلەرنىڭ بولغانلىقىنى ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇ يەنە بۇ خىل ۋىدىيولارنىڭ ئامېرىكانىڭ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن جاسۇس قوبۇل قىلىشتىكى زامانىۋىي ئۇسۇلى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداقلا، ئۆزلىرىنىڭ يىگىرمە يىل ئىلگىرىكى، ھەتتا ئون يىل ئىلگىرىكى ئۇسلۇب بىلەنمۇ يېڭى خىزمەتچىلەرنى ئىشقا ئالالمايدىغانلىقىنى، بۇ ۋەجىدىن ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەر توپلىشىدىغان جايدىن، يەنى ئىنتېرنېتتىن پايدىلىنىپ خىزمەتچى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ ئىستىخبارات، دۆلەت بىخەتەرلىكى ۋە تېخنولوگىيە تۈرى دېرىكتورى ئېمىلىي خاردىڭ (Emily Harding) مەزكۇر ئىدارىنىڭ خىتايدىكى سىياسىي ياكى ئىقتىسادىي ئەھۋاللاردىن نارازى كىشىلەرگە خىتاب قىلىش ئارقىلىق غەلىبە قازىنالاش مۇمكىنچىلىكى بارلىقىنى بايان قىلدى.

ئېمىلىي خاردىڭ مۇنداق دېدى: «كىشىلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىگە قارشى جاسۇسلۇق قىلىشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەردىن بىرى ئىدىئولوگىيەدۇر.» (يەنى كىشىنىڭ ئىدىيىسى ئۆز دۆلىتىنى سوراۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ ئىدىئولوگىيىسى بىلەن قارشى بولسا، بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى شۇ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىۋاتقان ھۆكۈمەتلەرگە جاسۇسلۇق قىلىش يولىنى تاللىشى مۇمكىن.)

خاردىڭ يەنە مۇنداق دېدى: «مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ تور ئارقىلىق خىتايدىن خىزمەتچى قوبۇل قىلىش قەدىمى خەلقئارالىق مۇناسىۋەتكە چوڭ دائىرىدە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى، خىتاي بىلەن ئامېرىكانىڭ بىر-بىرىگە قارشى جاسۇسلۇق قىلىدىغانلىقى ۋە بۇ جەھەتتە جاسۇسلار يېتىشتۈرىدىغانلىقى بىلىنگەن بىر خۇسۇستۇر.»

ئامېرىكا مەركىزىي ئىستىخبارات ئىدارىسى تارقاتقان جاسۇس قوبۇل قىلىش ۋىدىيوسىدا خىتايچىدىكى مۇنۇ ماقالىنى نەقىل قىلىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ: «پۇرسەت — جەسۇر كىشىلەرنىڭ يېنىدىدۇر.»

ئىنگلىزچىدىن ئۆتكۈر ئالماس تەرجىمىسى

https://abcnews.go.com/Politics/cia-makes-recruiting-push-spies-china/story?id=121371133


ساغلاملىق
خامۇشلۇق كېسىلىنى داۋالاشنىڭ تۈرلىرى
چرەيسي پيديرسون

# خامۇشلۇق كېسىلىنى داۋالاشنىڭ تۈرلىرى

چرەيسي پېدېرسون

(Tracy Pederson)

خامۇشلۇق كېسىلىنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرى كۆپ بولۇپ، بۇ ئۇسۇللار كېسەللىك ئالامەتلىرىنى پەسەيتىشكە، كېسەلگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ۋە ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

خامۇشلۇق كېسىلىنى داۋالاشتىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇل — خامۇشلۇق كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىئولوگىيىلىك سەۋەبلەر ۋە پسىخولوگىيەلىك ئىجتىمائىي ئامىللارغا ئاساسەن دورا بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن پسىخىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىشتۇر. نېمىلا بولمىسۇن، بۇ خىل تۈرگە ئايرىش هازىرچە ئومۇملاشمايۋاتىدۇ.

خامۇشلۇق كېسىلى بىر خىل مۇرەككەپ كېسەللىك. نېرۋا ئىلمى تەتقىقاتىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، مەيلى دورا ئارقىلىق داۋالاش بولسۇن، ۋەياكى پسىخىكىلىق داۋالاش بولسۇن، هەر ئىككىلىسى چوڭ مېڭىنىڭ ئىقتىدارىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەرنى پەيدا قىلغانلىقتىن، هەر ئىككىسىنى بىئولوگىيىلىك داۋالاش دېگەن تۈرگە ئايرىغان.

بۇ سەۋەبتىن، نۆۋەتتىكى يېتەكچى پىكىرلەر مەيلى يالغۇزلا پسىخىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىش ياكى دورا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش ئېلىپ بېرىشتا بولسۇن، كېسەلنىڭ مەنبەسىنىڭ نەدىن كەلگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پسىخىكىلىق داۋالاشنى ئۇنۇملۇك تاللاش سۈپىتىدە تەۋسىيە قىلىدۇ.

خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشتا قايسى خىل ئۇسۇللار قوللىنىلىدۇ؟

خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار بىر قانچە تۈرلۈك بولۇپ، ئەڭ كەڭ ئېتىراپ قىلىنغان ئۇسۇللار تۆۋەندىكىچە:

**ھېسسىي ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش (CBT)**

خامۇشلۇق كېسەللىكىنى ھېسسىي ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش (CBT) ئۇسۇلى، سەلبىي تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە قىلمىشلارنى دەلىل-ئىسپاتلار ئارقىلىق ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە شەرىھلەشكە ياردەم بېرىدۇ. CBT ئارقىلىق داۋالىغۇچى بىمارلارنىڭ ئوي-خىيالى، ھېس-تۇيغۇسى ۋە قىلمىشلىرى ئارىسىدىكى باغلىنىش ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ياردەم بېرىپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ سەلبىي تەپەككۇر قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشىغىمۇ ياردەم بېرىدۇ.

نۇرغۇن تەتقىقاتلاردا كۆرسىتىلىشىچە، خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشتا CBT ئارقىلىق داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولىدىكەن. 115 تەتقىقاتنىڭ ئەتراپلىق مېتا ئانالىزى، خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھېسسىي ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش (CBT) ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭغا دورا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشنى قوشقاندا ئۈنۈمىنىڭ تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، CBT ئارقىلىق داۋالاشنى قوبۇل قىلغان بىمارلارنىڭ كېسەللىكنىڭ قايتا قوزغىلىش نىسبىتى يالغۇز دورا بىلەن داۋالاشنى قوبۇل قىلغانلارغا قارىغاندا تۆۋەن بولغان.

**كىشىلىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق داۋالاش (IPT)**

كىشىلىك مۇناسىۋەت ئارقىلىق داۋالاش (IPT) ئۇسۇلى خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل دەپ قارالماقتا. بولۇپمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت مەسىلىسى تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان كېسەللىك ئەھۋالىغا نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. IPT ئارقىلىق داۋالاشنىڭ ئاساسى بولسا خامۇشلۇق ئالامەتلىرى ۋە مۇناسىۋەت خىرىسلىرىنىڭ دائىم ئۆز-ئارا مۇناسىۋەتلىك ۋە بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە مەركەزلەشكەن.

بۇ بىر خىل نىشانلىق قىسقا مۇددەتلىك داۋالاش بولۇپ، داۋالاش مۇددىتى ئادەتتە 12 ھەپتىدىن 16 ھەپتىگىچە بولىدۇ. داۋالاش ئاساسەن بىمارلارنىڭ مۇناسىۋەتتىكى مەسىلىلەرنى بايقاش ھەمدە ئۇنى ھەل قىلىش، ئۆزئارا ئالاقىنى ياخشىلاش ۋە قوللاش تورى قۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى مەقسەت قىلغان.

2020 ـ يىلدىكى بىر تەتقىقاتتا خىزمەت بېسىمى سەۋەبىدىن خامۇشلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا IPT ئارقىلىق داۋالاشنىڭ پايدىسى بولىدىغانلىقى بايقالغان. تەتقىقات نەتىجىسىدە بۇنداق داۋالاشنىڭ چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرىنى ئازايتىش ۋە خىزمەت نەتىجىسىنى ياخشىلاشتىكى ئۈنۈمىنىڭ ئۆلچەملىك داۋالاشقا سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ ياخشى بولىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان.

### زېھنىنى يىغىش ئاساسىدا داۋالاش

زېھنىنى يىغىش ئاساسىدا داۋالاش ئۇسۇلى — خامۇشلۇق كېسىلىنى داۋالاشتىكى كۆڭۈل بۆلۈش پرىنسىپى بىلەن ئەمەلىيەت بىرلەشتۈرۈلگەن داۋالاش ئۇسۇلى بولۇپ، بۇنداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ خامۇشلۇق ئالامەتلىرىنى كونترول قىلىش ھەمدە يېنىكلىتىشتە ياردىمى بولىدۇ.

بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى، يەنى زېھنىنى يىغىش ئاساسىدا تونۇش ئارقىلىق داۋالاش (MBCT) ۋە زېھنىنى يىغىش ئاساسىدا جىددىيلىكنى پەسەيتىش (MBSR) قاتارلىقلار نۆۋەتتىكى تونۇشنى تەنقىدسىز قوبۇل قىلىشنى، ھەمدە ئۆزىگە كۆيۈنۈش پوزىتسىيىسىنى يېتىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

زېھنىنى يىغىش ئاساسىدا داۋالاش ئېلىپ بارغاندا، بىمارلار ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكىر ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىغا چۆكۈپ كەتمەسلىك ياكى بەك ھاياجانلىق ئىنكاس بىلدۈرمەسلىكنى ئۆگىنىدۇ. زېھنىنى يىغىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق بىمارلار خامۇشلۇققا مۇناسىۋەتلىك سەلبىي تەپەككۇر ئەندىزىسى ۋە ھېس ـ تۇيغۇسىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان ھەمدە ئۇلارغا تېخىمۇ ماھىرلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرالايدىغان بولىدۇ.

## دىئالېكتىكىلىق ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش (DBT)

خامۇشلۇق كېسلىنى دىئالېكتىكىلىق ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش (DBT) ئۇسۇلى، ھېسسىي ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش (CBT) ئۇسۇلى بىلەن زېھنىنى يىغىش ئاساسىدا داۋالاش ئۇسۇلى بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە چېگرا سىزىقى ئۇقۇمى قالايمىقانلىشىشنى داۋالاش ئۈچۈن لايىھىلەنگەن. دىئالېكتىكىلىق ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى يەنە خامۇشلۇق كېسلى بىلەن كەيپىياتى قالايمىقان بولۇشنى ئايرىش ۋە ھەل قىلىشقا ماسلاشتۇرۇلغان.

دىئالېكتىكىلىق ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى، سەلبىي تەپەككۇر ئەندىزىسى بىلەن ئادەت خاراكتېرلىك قىلمىشلارنىڭ خامۇشلۇق بىلەن بولغان باغلىنىشىنى، ھەمدە ئىجابىي ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى نىشان قىلغان. ئۇ بىمارلارنىڭ ھېس-تۇيغۇسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، ئازابقا بەرداشلىق بېرىش ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق، بىمارلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا بولغان تونۇشى ۋە دۇچ كەلگەن خىرىسلارنى تېخىمۇ ساغلام، مۇۋاپىق ئۇسۇلدا بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ.

زېھنىنى يىغىش ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى ھازىرقى ھېس-تۇيغۇ ۋە ھەر خىل ئىدىيەلەرنى تەنقىدسىز قوبۇل قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، تېخىمۇ ياخشى ھېسسىيات باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلغان.

## پسىخىكىلىق ھەرىكەتچان داۋالاش

پسىخىكىلىق ھەرىكەتچان داۋالاش ئۇسۇلى — پسىخولوگىيە ۋە پسىخىكىلىق داۋالاش ساھەسىدىكى ئاساسلىق ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، سىگموند فرۇد (Sigmund Freud) بىلەن كارل يۇڭ (Carl Jung) قاتارلىق باشلامچىلار تەرىپىدىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىجاد قىلىنغان.

پسىخىكىلىق ھەرىكەتچان داۋالاش ئۇسۇلى — خامۇشلۇقنىڭ مەنبەسى ۋە يوشۇرۇن ئاڭدىكى ھەل قىلىنمىغان زىددىيەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشتۇر. بۇ خىل داۋالاش ئارقىلىق بىمارلارنىڭ ئىچكى ھېسسىيات قاتلىمىغا تېخىمۇ ئىچكىرلەپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان تونۇشىنى ئۆستۈرۈپ،

ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلىرىنىڭ ھازىرقى ھېس-تۇيغۇسى ۋە قىلمىشلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى چۈشىنىشكە ياردەم بېرىدۇ.

تەجرىبە خاراكتېرلىك ئىسپاتلارنىڭ گەۋدىسى پىسخىكىلىق ھەرىكەتچان داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى قوللايدىغان ئىشەنچلىك مەنبە كۆرسىتىدۇ، ھەمدە مېتا ئانالىزلارمۇ بۇ خىل داۋالاشنىڭ خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

## خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى قايسىلار؟

ھېچقانداق داۋالاش ئۇسۇلى ھەممە كىشىگە ماس كېلىۋەرمەيدۇ. ئوخشىمىغان داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئۈنۈمى ئوخشىمىغان بىمارلارغا قارىتا پەرقلىق بولۇشى مۇمكىن. ھېسسىي ھەرىكەت ئارقىلىق داۋالاش ئۇسۇلى (CBT) نۆۋەتتە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىۋاتقان ھەمدە قاتتىق تەتقىق قىلىنىۋاتقان داۋالاش ئۇسۇلى دەپ قارالماقتا. نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتلار ۋە مېتا ئانالىزلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ھەر خىل كىشىلەر ۋە شارائىتلاردا خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشتىكى ئۈنۈمى ئەڭ كۆرۈنەرلىك بولماقتا.

## خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى

خامۇشلۇق كېسەللىكىنى داۋالاشنىڭ بىر قانچە تۈرلۈك ئۈنۈملۈك ئۇسۇللىرى بار بولۇپ، ھەر خىل كېسەللىكنى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن داۋالاش نىشان قىلىنغان.

تۆۋەندىكىسى دائىم قوللىنىلىدىغان بىر قىسىم مۇھىم ئۇسۇللاردۇر:

پائالىيەتچانلىقىنى قوزغىتىش: بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى بىمارلارنى چۈشكۈنلۈك ئالامەتلىرىنى پەسەيتىدىغان، ئىجابىي، مول مەزمۇنلۇق پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئۈندەشتۇر. بىمارلارنى ئىلگىرى ھۇزۇرلىنىپ قىلىدىغان ئىش-پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشقا رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق چۈشكۈنلۈكنىڭ دەۋرىيلىشىشىنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئاكتىپ كەيپىيات ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى: بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى بىمارلارنىڭ خامۇشلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان كونكرېت مەسىلىلەرنى بايقاش ۋە ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشتۇر. مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشنىڭ ئىستراتېگىيىلىك ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، كونترول قىلىش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، چارىسىزلىق تۇيغۇسىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

كەيپىياتنى نازارەت قىلىش: بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى كەيپىياتنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىز قوغلاش ھەمدە قوزغاتقۇچى ئامىللارنى تونۇتۇش ئارقىلىق بىمارلارنىڭ ئۆزىنىڭ ھېسسىيات ئەندىزىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشىگە ياردەم بېرىشتۇر. كەيپىياتنى نازارەت قىلىشنىڭ خامۇشلۇقنىڭ دەسلەپكى ئالامەتلىرىنى بايقاش ھەمدە ۋاقتىدا ئالدىنى ئېلىشقا ياردەمى زور بولىدۇ.

نىشان بەلگىلەش: رېئاللىققا ئۇيغۇن، ھەمدە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان نىشان تۇرغۇزۇش ئارقىلىق بىمارلارنى نىشان ۋە مەقسەت يۆنىلىش بىلەن تەمىنلەشتۇر. بۇ نىشانلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا بىمارلارنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ئېشىپ، بەخت تۇيغۇسى كۈچىيىدۇ.

تونۇش ئېڭىنى قايتا شەكىللەندۈرۈش: بۇ خىل داۋالاش ئۇسۇلى سەلبىي تەپەككۇر ئەندىزىسىگە جەڭ ئېلان قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەتتۇر. ئەقىلگە سىغمايدىغان، نامۇۋاپىق ئوي-پىكىرلەرنى تەكشۈرۈپ ئەكلاشتۇرۇش ۋە ئىجابىي پىكىرلەرگە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، بىمارلارنىڭ ھېسسىي ئىنكاسىنى ئۆزگەرتكىلى ھەمدە خامۇشلۇق ئالامەتلىرىنى پەسەيتكىلى بولىدۇ.

تەپەككۇر ۋە ئويلىنىش: تەپەككۇر مەشقى ھازىرقى تونۇشنى ھەمدە ئوي-پىكىر ۋە ھېس-تۇيغۇسىنى تەنقىدسىز قوبۇل قىلىش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەپەككۇر ۋە ئويلىنىش بىمارلارنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىگە ياردەم بېرىپلا قالماي بېسىمغا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

راھەتلىنىش تېخنىكىسى: بۇ تېخنىكىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن، چوڭقۇر نەپەسلىنىش مەشقى ياكى مۇسكۇللارنى تەدرىجىي بوشىتىش مەشقىنى ئىشلەش لازىم، بۇ تېخنىكىنى داۋاملىق قوللىنىش ئارقىلىق مېڭە ۋە بەدەندىكى جىددىيلىكنى پەسەيتىپ، راھەتلەنگىنى بولىدۇ.

مىننەتدارلىق خاتىرىسى يېزىش: ئىجابىي ۋە ئۈنۈملۈك چارە-تەجرىبىلەرنى، ھەمدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنى خاتىرلەپ قويۇش ئارقىلىق مىننەتدارلىق مەشىقى ئېلىپ بېرىپ، ئاكتىپ كەيپىياتنى، بەخت تۇيغۇسىنى كۈچەيتكىلى بولىدۇ.

## قاچاندىن باشلاپ دورا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشنى ئويلىشىش كېرەك

مۇبادا بىماردىكى خامۇشلۇق ئالامەتلىرى ئېغىر بولسا ياكى پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولمىسا دورا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋالاشنى ئويلىشىش لازىم. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، دورا بىلەن بىرلەشتۈرۈپ داۋالاش خامۇشلۇقنى كونترول قىلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى دەپ قارىلىدۇ. كەسپىي تېببىي خادىملار بىلەن ئەستايىدىل مۇزاكىرىلەشكەندىن كېيىن، ئاندىن دورىلارنىڭ پايدىسى ۋە يوشۇرۇن خەتىرىنى مۆلچەرلەش كېرەك.

خۇلاسە

خامۇشلۇق كېسەلىنى قوبۇل قىلماق تەس، ئەمما پسىخىكىلىق داۋالاش بىر تۈرلۈك قىممەتلىك مەنبە سۈپىتىدە، ماھىيەتلىك قوللاش ھەمدە دەلىل-ئىسپاتلارنى ئاساس قىلىپ، سەلبىي تەپەككۇر ئەندىزىسىگە جەڭ ئېلان قىلىش بىلەن بىرگە، تېخىمۇ ساغلام تۇرمۇش قارىشى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

ئوخشىمىغان بىمارلارغا قارىتا ئوخشاش بولمىغان پسىخىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈمىمۇ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك. نەق شۇ كېسەلگە چۈشىدىغان داۋالاش ئۇسۇلىنى تاپقاندا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

ئىنگلىزچىدىن ئازادئاي غەيرەت تەرجىمىسى

https://www.healthline.com/health/depression/types-of-depression-therapy#considering-medication



# زوهران مامدانی کیم؟

# زوھران مامدانى كىم؟

BBC ئاگېنتلىقى

نيۇيورك شتاتلىق مەجلىس ئەزاسى زوھران مامدانى (Zohran Mamdani) بۇ يىل 33 ياشتا بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ نيۇيورك شەھەر باشلىقى سايلام نامزاتى. ئۇ تارىختا تۇنجى نۆۋەت نيۇيورك شەھىرىنىڭ مۇسۇلمان شەھەر باشلىقى نامزاتى ھېسابلىنىدۇ.

95 پىرسەنت سايلام بېلىتى سانىلىپ بولۇشى بىلەنلا، زوھران مامدانى سابىق ۋالىي ئاندرېۋ كومونى يەتتە پىرسەنت سايلام بېلىتى ئۈستۈنلۈكى بىلەن ئۇتۇپ چىقتى. ئاندرېۋ كومو 2021-يىلى جىنسىي زوراۋانلىق سەۋەبلىك ۋالىيلىق ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن. مامدانى قوللىغۇچىلىرىنىڭ ۋە جەسۇر سول قاناتچىلار مۇنبىرىنىڭ قوللىشى سەۋەبلىك بۇ نەتىجىگە ئېرىشتى.

«بۇ كېچە تارىخ ياراتتۇق. دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ نيۇيورك شەھەر باشلىقى نامزاتى بولىمەن» دېدى مامدانى.

نيۇيوركنىڭ قەدەم باسقۇچلۇق تاللاپ سايلاش سېستىمىسى سەۋەبلىك ئاخىرقى نەتىجىنىڭ ئۆزگىرىشى مۇمكىن بولسىمۇ، مامدانىنىڭ لېدىرلىقى ۋە كۈچى بەلگىلەش خاراكتېرگە ئىگىدەك تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بىر زامانلار نيۇيورك شتاتىدىكى كۈچلۈك سىياسەتچى بولغان رەقىبى ئاندرېۋ كومو ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى تەرەققىياتچىلار ئۈچۈن بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ، بۇ، نيۇيورك شەھىرىنىڭ سىياسىي ئېغىرلىق مەركىزىدىكى سىلجىش ھېسابلىنىدۇ.

ئۇگاندانىڭ كامپالا شەھىرىدە تۇغۇلغان مامدانى يەتتە يېشىدا ئائىلىسى بىلەن نيۇيوركقا كۆچۈپ كەلگەن. ئۇ بودۇين ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇپ، ئافرىقا تەتقىقاتى ساھەسىدە باكلاۋرلىق ئۇنۋانىغا

ئېرىشكەن. مامدانى بۇ ئىنستىتۇتتا پەلەستىن ئۈچۈن ئادالەت تەلەپ قىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار تەشكىلاتىنى (Students for Justice in Palestine) قۇرغان.

مامدانى سايلام رىقابىتى ۋىدىيولىرىنى ئوردۇ تىلىدا تارقىتىپ، يەنە بىر ۋىدىيوسىدا ئىسپانچە سۆزلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ 27 ياشلىق سۈرىيە ئەسلىلىك رەسسام ئايالى بىلەن توردا تونۇشۇپ توي قىلغان. مامدانىنىڭ ئاتا-ئانىسى خارۋاردا ئوقۇغان بولۇپ، ئانىسى مىرا مۆۋەپپەقىيەتلىك فىلىم رېژىسورى، دادىسى مەھمۇد مامدانى كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتى پروفېسورى.

زوھران مامدانى سىياسەت ساھەسىگە قەدەم بېسىشتىن ئىلگىرى تۆۋەن كىرىملىك ئۆي ئىگىلىرىگە ياردەم بېرىدىغان بىر ئۆي-مۈلۈك ئورگىنىدا ئۆي-مۈلۈك مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، دائىم مەسجىدكە بارىدۇ.

«دروُم ئىجتىمائىي ئادالەت تەشكىلاتى»نىڭ سىياسىي دېرىكتورى جەگپرىت سىنگ BBC ئاگېنتلىقىغا قىلغان سۆزىدە، نيۇيورك شەھەر باشلىقى سايلىمىدا زوھران مامداندىن باشقا ئۆزى مۇھىم بىلىدىغان نامزات يوقلۇقىنى بايان قىلغان.

**مامدانىنىڭ كۆرىشى**

مامدانىنىڭ دېيىشىچە، نيۇيوركتەك قىممەتچىلىك ئەۋج ئالغان شەھەرنىڭ ئاھالىسى دېموكراتچىلارنىڭ باھانى ئەرزانلاشتۇرۇشقا كۈچىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. نيۇيوركتا ھەر تۆت كىشىدىن بىرى نامراتلىق ئىچىدە ياشايدىغان بولۇپ، بۇ شەھەردە ھەر ئاخشىمىسى بەش يۈز مىڭ بالا ئاچ قورساق ئۇخلايدۇ. مامدانىنىڭ نەزىرىدە، نيۇيورك شەھىرى ئۆزىنى ئالاھىدە قىلغان سەۋەبلەرنى يوقىتىپ قويۇشقا دۇچ كەلگەن شەھەر.

مامدانى شەھەرنى تېخىمۇ مۇۋاپىق باھالىق شەھەرگە ئايلاندۇرالايدىغانلىقىغا ۋەدە بېرىپ، نۇرغۇن پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما، ئوبزورچىلار ئۇنىڭ بۇ ۋەدىلىرىگە گۇمان بىلەن قارىماقتا. نيۇيورك ۋاقىت گېزىتى مامدانىنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنىڭ شەھەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرى بىلەن ماسلاشمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى ۋە ھەر ئىككى شەھەر باشلىقى نامزاتىغا تەنقىدىي مۇئامىلە قىلدى.

ئاندرىۋ كومو بولسا مامدانىنى 115 مىليارت دوللار مەبلىغى، 300 مىڭدىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىسى بولغان بىر شەھەرنى باشقۇرۇشتا تەجرىبىسىز ۋە ھەددىدىن زىيادە رادىكال بىرى، دەپ داۋا قىلىدۇ. كومو — مامدانى تىرامپقا، شەھەر مەجلىسىدىكى مۇخالىپەتچى سىياسەتچىلەرگە تاقابىل تۇرالمايدۇ، ئۇ بۇ جەھەتلەردە ۋە شەھەر باشقۇرۇش جەھەتلەردە بەكلا خام، دەپ قارايدۇ.

سىياسىي ئىستراتېگىيەچى ترىپ ياڭ (Trip Yang) سىياسىي ساھەدە تەجرىبىنىڭ زۆرۈر شەرت ھېسابلانمايدىغانلىقىنى، مامدانى سايلامدا ئۇتۇپ چىقسۇن ياكى ئۇتالمىسۇن، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ بەكلا قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈردى.

مامدانى ئۆزىنىڭ ھەر كۈنى ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلغۇچى شەخس ۋە گورۇھلار تەرىپىدىن تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى، بەزىلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئائىلىسىنى تەھدىت نىشانى قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ساقچىلارنىڭ ئېيتىشچە، تەھدىتلەر ھەققىدە ئۆچمەنلىك جىنايىتى سوئال-سوراقلىرى داۋام قىلماقتا.

مامدانى پەلەستىنىنى كۈچلۈك رەۋىشتە قوللاپ، ئىسرائىلىيەنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ. ئۇ بۇ جەھەتتە دېموكراتچىلار پارتىيىسىنىڭ ھەر قانداق بىر ئەزاسىدىنمۇ بەكراق ئاكتىپ. ماندانى ئىسرائىلىيە غەززىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىسرائىلىيەنى ئىرىقچى دۆلەت دەپ قارايدۇ. ئىسرائىلىيە باش مىنىستىرى بېنجامىن نېتنياھۇنى چوقۇم قولغا ئېلىنىشى كېرەك، دەپ تەشەببۇس قىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىسرائىلىيە ئۆزىنىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئۆتكۈزگەنلىكىنىمۇ، ئىرىقچى ئىكەنلىكىنىمۇ قەتئىي رەۋىشتە رەت قىلىدۇ. مامدانى ئىسرائىلىيەنىڭ دۆلەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا نيۇيوركتا يەھۇدىيلارغا ئۆچمەنلىك قىلىش ھادىسىسى كۆرۈلگۈدەك بولسا، بۇنىڭغا يول قويمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئۇنىڭ رەقىبى ئاندرىۋ كومو بولسا ئۆزىنىڭ ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى ئەسەبىي رەۋىشتە قوللايدىغانلىقىنى ۋە ئىسرائىلىيەدىن پەخىرلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. (ئىنگلىزچىدىن قىسمەن رەۋىشتە قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.)

ئىنگلىزچىدىن ئا. ئەركىن تەرجىمىسى

https://www.bbc.com/news/articles/cly2rgzye9no

# ئۆتكەن بىر ئاي ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ۋەقە - ھادىسىلەر



(2025 -يىلى 7 – ئاينىڭ 1 – كۈندىن 7 – ئاينىڭ 31- كۈنىگىچە)

## دۇنيا خەۋەرلىرىدە ئۇيغۇرلار

2025-يىلى، 7-ئاي

**7-ئاينىڭ 18-كۈنى**

**ختاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىچكى ئورگان كۆچۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرماقچى**

دىپلومات ژۇرنىلى 2025-يىلى، 7-ئاينىڭ 18-كۈنى تەسنىم نەزىر ئاپتورلۇقىدا بىر ماقالە ئېلان قىلغان بولۇپ، ماقالە «شىنجاڭدىكى ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈشنىڭ كېڭىيىشى ئەندىشىگە يول ئاچتى» ماۋزۇسىدا ئېلان قىلىنغان.

ماقالىدە كۆرسىتىلىشىچە، ختاي 2030-يىلىغا قەدەر شەرقىي تۈركىستاندا ئالتە يەردە ئىچكى ئەزا كۆچۈرۈش مەركىزىنى كۆپەيتىپ قۇرىدىكەن. شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىچكى ئەزا تەقدىم قىلىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇشىغا قارىماي، ختاينىڭ بۇ ساھەنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىش پىلانى خەلقئارا مىقياسىدا ختاينىڭ ئىچكى ئەزالارنى مەجبۇرىي يىغىۋېلىش قىلمىشىنى قايتا كۈنتەرتىپكە ئېلىپ كەلگەن.

ختاينىڭ فالۇن گۇڭ‌پىسى مۇرتلىرىنىڭ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى مەجبۇرىي سۆكۈۋالغانلىقى توغرۇلۇق كۆپلىگەن خەلقئارالىق دوكلات ۋە مەھكىمە قارارى مەۋجۇت بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك دەلىللەردە ختاي دۆلىتىنىڭ مەھبۇسلاردىن مەجبۇرىي ھالدا ئىچكىرى ئەزالارنى سۆكۈپ ئېلىۋالغانلىقىنى ئىسپاتلانغان. ختاي ھەر يىلى 60 مىڭدىن يۈز مىڭغىچە ئىچكى ئەزانى كۆچۈرىدىغان بولۇپ، بۇ ئىچكى ئەزالارنىڭ ئىگىلىرىنىڭ كىملىكى نامەلۇم. مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتچىلار ۋە كىشىلىك ھوقۇق داۋاگەرلىرى مەھبۇسلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنىڭ مەجبۇرىي رەۋىشتە كۆچۈرۈلۈشىنىڭ تامامەن چەكلىنىشى

ئۇچۇن دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنى ۋە ھەر قايسى ھۆكۈمەتلەرنى خىتايغا قارشى بېسىم ئىشلىتىشكە ۋە جازا يۈرگۈزۈشكە چاقىردۇ.

https://thediplomat.com/2025/07/xinjiangs-organ-transplant-expansion-sparks-alarm-over-uyghur-forced-organ-harvesting/

**7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى**

**ئۇيغۇرلارنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋەتكۈچىلەرگە جازا يۈرگۈزۈش قانۇن لايىھەسى**

ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرىدىن جېف مېركلىي ۋە جون كورنىين ئۇيغۇرلارنىڭ ۋە باشقا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنىڭ خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋېتىلىشىدە قولى بولغان چەتئەللىك ھۆكۈمەت خادىملىرىغا جازا يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلىدىغان يېڭى بىر قانۇن لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ قانۇن لايىھىسىنىڭ ئىسمى «ئۇيغۇرلارنى (خىتايغا) مەجبۇرىي قايتۇرۇۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇن لايىھىسى» (Preventing the Forced Return of Uyghurs Act) بولۇپ، بۇ قانۇن لايىھىسىدە ئۇيغۇرلارنى خىتايغا مەجبۇرىي قايتۇرۇۋەتكەن چەتئەل ئەمەلدارلىرىغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش ۋە باشقا جازالارنى يۈرگۈزۈش، خىتاينىڭ زۇلۇم سىياسەتلىرىگە ۋاستىلىك ھالدا ھەمدەم بولغان دۆلەتلەرنى جازالاش قاتارلىقلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

https://www.merkley.senate.gov/merkley-cornyn-unveil-bipartisan-bill-to-defend-vulnerable-uyghurs-from-being-forcibly-returned-to-prc/

7 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

**خىتاينىڭ چېگرا ھالقىغان بېسىملىرىغا قارشى كۈرەش**

«nationalinterest» توربىدا ئېلان قىلىنغان بۇ ماقالىدە، خىتاينىڭ زۇلمى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، خوڭكوڭ قاتارلىق جايلاردىلا چەكلىنىپ قالماستىن، بۇ رايونلارنىڭ چەتئەلدىكى ئىگىلىرىنىڭمۇ خىتاينىڭ بېسىم، تەھدىت ۋە زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچراشتىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى، ئامېرىكا

پارلامېنتنىنىڭ بۇ مەسىلىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن بىر تۈركۈم قانۇنلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىۋاتقانلىقى ۋە بۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنغان.

https://nationalinterest.org/feature/how-to-combat-chinas-transnational-repression

**7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى**

**ئارگېنتىنا جازا مەھكىمىسىدىن يېڭىلىق**

ئارگېنتىنا ئالىي جازا مەھكىمىسى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت قىلمىشىغا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قىلغان ئەرزىنى قوبۇل قىلدى. بۇ قارار 2025 ـ يىلى، 6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى چىقىرىلغان بولۇپ، بۇ قارارنىڭ چىقىرىلىشى خەلقئارالىق ئادالەت نۇقتىسىدىن مۇھىم بىر ئىلگىرىلەش ھېسابلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

https://chatgpt.com/c/68de46bf-d5ec-8327-b34b-ef04e113a6ec

ئۆ.ئالماس تەييارلىدى

# ئۇيغۇرلار

*The Uyghurs*

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە مەۋجۇدىيىتىنىڭ ژۇرنىلى

The Magazine of the Uyghur Culture and Survival

